# شىنجاڭ ياشلىرى



ISSN 1002-9109
07>
9 771002 910000

ئالدىنقى يېرىم ئايلىقى
上半月
2016-8
新疆青年
Xinjiang Youth


تۇمارىس ئاممىباب تاماقخانىسى
Tumaris
新疆突玛丽斯大饭店
TUMARIS HOTEL.XINJIANG
24 سائەتلىك چاي، قەھۋە، پىسا
شىنجاڭ تۇمارىس ئالىي مېھمانسارىيىمىز كەڭ خېرىدارلارغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە چاي، قەھۋە، چۈشلۈك تېز تاماقخانا، شۇنداقلا 24 سائەتلىك تاماقخانا مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى، ئاممىباب باھا، تۆت يۇلتۇزلۇق ئەلا مۇلازىمەت سىزنى كۈتمەكتە!
ئالاھىدە باھا 599 يۈەنلىك توي زىياپەت ئۇستەللىرى قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!
8 يۈەندىن باشلانغان ھەرخىل چاي، قەھۋە
23 يۈەن
23 يۈەن
ئاممىباب باھا
مەززىلىك تائام
ئازادە مۇھىت
زاكاز قىلىش نومۇرى: 8539699 8525555 _ 0991
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر شىنخۇا جەنۇبىي يولى 618 ـ نومۇر

# پەزىلەت - ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىدۇر

ئادىمىيلىك خۇددى ئالتۇنغا ئوخشايدۇ، قانچە غۇبارسىز بولغانچە قىممىتى شۇنچە ئاشىدۇ، دەرىجىسى ئۆسىدۇ. ئىنسانىيلىق ئۆمۈرلۈك ئىش، ئەخلاق - پەزىلەت ئۇنىڭ ئۇلىدۇر!

ئادەم بولۇشتا ئەخلاقنى، نىيەتتە سەممىيەتنى، ئىشلەشتە تىرىشچانلىقنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇش لازىم. ئادەمدە ئىرادە بولۇش، ئىش قىلىشتا غەيرەت ۋە ساغلام كەيپىيات بولۇش زۆرۈر!

ئادەم بولۇشتا خۇش مۇئامىلىلىك، كۆكسى - قارنى كەڭرى بولۇش كېرەك. كەسپتە قىزغىن، تەنقىدكە تەمكىن، دوستلارغا خۇشخۇي، ھەق - ناھەقكە قارىتا مەيدانى ئېنىق بولۇش لازىم.

ساپاغا تايىنىپ باش كۆتۈرۈش، تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش، پەزىلەتكە تايىنىپ ئادەم بولۇش زۆرۈر. پەزىلەت بىر ئادەمنىڭ ئىچكى ئاملى، شان - شەرەپ ئىنساننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدۇر.

باشقىلاردىن زوقلىنىش بىر خىل مۆتىۋەرلىك، خەير - ساخاۋەت بىر خىل مۇھەببەت، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش بىر خىل پەزىلەت، باشقىلارنى چۈشىنىش بىر خىل تەربىيە كۆرگەنلىك، باشقىلارغا ياردەم بېرىش بولسا بىر خىل خۇشاللىق.

مەنىۋى بايلىقنى كۆپرەك قالدۇرۇپ، ئىجتىمائىي يۈكنى ئازراق قالدۇرۇش. ياخشى نامنى كۆپرەك قالدۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇسىنى ئازراق قالدۇرۇش. تەجرىبىنى كۆپرەك قالدۇرۇپ، قىلىۋاتقان ئىشىدا كېيىنكىلەرگە كەمچىلىكنى ئازراق قالدۇرۇش. زېھىن قويۇپ ئاڭلاشنى بىلىش، كۈلۈمسىرەشنى بىلىش، مەدھىيەلەشنى ئۆگىنىش لازىم.

پەزىلەت ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن، شۇنداقلا ئاساسىي ئۆلچىمى، ھاياتتا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئۆلچەملەر بار. ئۇنداقتا دوستۇم، سىز مۇشۇ ئۆلچەملەرنىڭ قايسىلىرىغا چۈشىدىكەنسىز؟ ئۇنتۇپ قالماڭ، ھاياتىمىز ئۆتكۈنچى، پەقەت نامىمىزلا ئەبەدىي بولالايدۇ. شۇڭا يەنە نېمىگە ئىككىلىنىسىز؟ ئەرزىمەس ئىشلارغا نامىڭىزنى بۇلغىماڭ، مۆتىۋەرلەرچە ياشاڭ، ئاقسۆڭەكلەرچە سالاپىتىڭىزنى ساقلاڭ! بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى نام، ياخشى ئەمەللەر ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنۇتماڭ! ھاياتىڭىز ۋە شەرىپىڭىز تېخىمۇ گۈزەل بولسۇن!

(تەييارلىغۇچى: گۈزەلنۇر ئوسمان)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشرىكارى

نەشرىيات باشلىقى: يۈ شيۇخۇا
نەشرىيات باش مۇھەررىرى: جۇرئەت سەيپۇل
نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مىجىت تۇرسۇن




# مۇندەرىجە CONTENTS

## بەت بوسۇغىسى

پەزىلەت — ئادەمىيلىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىدۇر........................ 1

## ياشلىق خاتىرىسى

دىللارنى يورۇتقان دىلنۇر ........................ تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى 4

## سىرداشلار سەيلىگاھى

مېھىر - مۇھەببەت دىللارنى يورۇتسۇن ........................ شەمسىيە ئەبەيدۇللا 7
بىر ناخشىنىڭ ھېكايىسى ......... مەھمۇدجان خوجا ئۈمىدۋار / روشەنگۈل ئىمىرھەمزى 9
ئاتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، ئانا ئۆينىڭ يۈرىكى ........................ روزىھاجى نەزەر 11

## ئەدەبىيات ئالەمدە

جاسارەتلىك مېيىپ ئەدىبلەر ........................ ئىلھام مۇھەممەد 13
ھايات ئىدالىرىنى ئىگىشاش ........................ ئوسمان قاۋۇل 19







سۈرەتتە: (ئوڭدىن سولغا) دېڭىز ئارمىيەسىگە قاتناشقان
نۇربىيە ئابلىم، مەرھابا ئالىم، ئاينۇر ئالىم
ئۈرۈمچى «جۈپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى» تارتقان

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
新疆青年维文部编
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر گېزىت - ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
新疆青少年报刊社出版

(ئومۇمىي 615 - سان)

يېرىم ئايلىق ئۈنۋېرسال ژۇرنال (8 - 2016)

نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
ئىجرائىيە باش مۇھەررىر:
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
ئەدىبە ئابلەت

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئالىم كېرىم كۆكئالپ

مۇھەررىرلەر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى، زۆھرەت مىجىت

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىر، تېخرېداكتور:
ئەنەسجان مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتور:
نۇرگۈل روزى

سۈيەت - تېخنىكا نازارەتچىسى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
ئېلان بۆلۈمى مۇدىرى: ھەسەنجان ئابدۇراخمان

پوچتا نومۇرى: 830002
ئېلان ئىجازەت نومۇرى:
6500006000034
شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆八艺印刷厂印刷
ژۇرنال نامىنى ئابلېكىم ئەمەت يازغان

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国际标准连续出版物号): ISSN1002 - 9109
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国内统一连续出版物号): CN65 - 1029/C
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: (邮政代码) 58 - 50
پوچتا نومۇرى: (邮政编码) 830002
مۇشتەرى باھاسى: (定价/元) 8.00 يۈەن
پارچە باھاسى: (定价/元) 10.00 يۈەن

地址:乌鲁木齐市人民路 33 号瑞达国际大厦 8 楼

دەۋر تەلىپى/ ياشلار روھى/ بىلىم بۇلىقى/ ئەقىل ئوزۇقى/ ئۈمىد چىرىغى/ كۆڭۈل ھوزۇرى

## ئەبجەش يازمىلار


چىرا ئانارى ........................ ئابدۇللا سۇلايمان 24
ناتونۇش ئادەمنىڭ ھېسداشلىقى .............................. 26
تەپەككۇر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ ............................... 27
بىر بەلباغ بىر يولدىكى ئالتە چوڭ ئىقتىساد كارىدورى ۋە ئۇ-
نىڭدىكى ئاساسلىق لىنىيەلەر.................... تۆمۈر ھەسەن 28


## سېھىرلىك دۇنيا


بىر ئۆلىمانىڭ كۆزى ......... ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران 30
ياشاۋاتقىنىمنى ساڭا ئېيتىمەن ............... ئابدۇرېشىت ئېلى 31
بىر جانان، بىر جاھان، يەتتە تال خازان .......... ھاجىبەگ 30


## ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى


قەدىمكى رىملىقلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى .... ئالىم كېرىم كۆكئالپ 34


## تۇرمۇش گېزىتى


كەپتەر گۆشىنىڭ .../ ياتاق ئۆيگە ... / بىلىۋېلىڭ .......... 37
نېمە يەتسۇن ساغلام ھاياتقا ......... ئالىمجان قادىر شىپائىي 38


## ئىبرەتلىك دۇنيا


ئۈچىنچى شەخس ........................... ئابلەت ئابدۇللا 40
ھېكمەتلەردىن پارچىلار ........................................ 45


## يادنامە


ئۇستاز شائىرنى ئەسلىگەندە .............. ئۇچقۇنجان ئۆمەر 46


## يىپەك ۋادىسىدىن سۆز


ماگىلايسۆيە ........................ غالىب بارات ئەرك 48
قارا قۇرۇمدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ — «پۇلۇ» ......................
......................... ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن قارا 53


## سۇبھى


رۇبائىيلار ................................ تۇرغۇن يىلتىز 59
ئۈچ سوئال ......................... لېۋ تولستوي(رۇسىيە) 61


## غىدىق، غىدىق، غىدىق


يۇمۇرلار ...................................................... 63


## خەتتاتلار مۇنبىرى


قۇربانجان روزى شەيدائى ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن ......... 64







«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى بۇلاق كىتابخانىسىدىن خۇسۇسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تارقىتىلىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلار ۋە كىتابخانىلار «بۇلاق كىتابخانىسى» بىلەن ئالاقىلىشىڭ.
مۇلازىمەت تېلېفونى: 8562081، 8521633 ـ 0991

بۇلاق كىتابخانىسى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ.

ھەر خىل كىتابلار ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا ھەر ۋاقىت زاكاز قوبۇل قىلىمىز ھەم ئېتىبار باھادا يەتكۈزۈپ بېرىمىز.

شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرناللار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «كارخانىچى»، «ئىستۇدېنت»، «تەپەككۇر» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ توپ، پارچە سېتىش ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئورنى ـ بۇلاق كىتابخانىسى.

جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى» نامىدىكى فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنىڭ نەشر ھوقۇقى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرناللار نەشرىياتى ۋە ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى»غا تەۋە. كۆچۈرۈپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

0991 ـ 6766123
WWW.SURATHANAM.COM


بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىم كېرىم كۆكئالپ

(بەزى قىستۇرما سۈرەت ۋە رەسىملەر توردىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# دىللارنى يورۇتقان دىلنۇر

تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى



### ◀ دىلنۇرنىڭ كىچىك ئارخىپى:

دىلنۇر مەمتىمىن 1978 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۈرۈمچىدە تاماملىغان. ھازىر دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىگە. يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكى مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچى، دوتسېنت. ئۇ 2001 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكا تېببىي ئىلمى ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ باكالاۋىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2002 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىدا خىزمەت قىلىشقا باشلىغان. 2002 - يىلى 9 - ئايدىن 2004 - يىلى 9 - ئايغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي بۆلۈم (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 3 - دوختۇرخانىسى)دە «دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى»لىق سالاھىيىتى بىلەن مەخسۇس تەربىيەلەنگەن. 2004 - يىلى 9 - ئايدىن 2007 - يىلى 7 - ئايغىچە يەنە مەزكۇر مەكتەپتە (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي بۆلۈمىدە) ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. 2011 - يىلى 9 - ئايدىن 2014 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۈرەك قان تومۇر ئىچكى بۆلۈمىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان.

ئۇنىڭ ھازىرقى ئاساسىي تەتقىقات يۆنىلىشى بولسا ئېغىزلىق كېسەللىكلىرىنى تېبابەتتە داۋالاش ئۇسۇللىرى تەتقىقاتىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن ئۈچ تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان. دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات تۈرىدىن بىر تۈرگە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن بىرىگە قاتناشقان. ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى «خەلقئارا تەبىئىي پەنلەر نەقىل ئىندېكسى»(SCI)دا ئېلان قىلىنغان، ئۈچ پارچىسى دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە ئائىت ئىككى پارچە كىتابنى تۈزۈشكە قاتناشقان، ئىچىدىكى بىرىنىڭ مۇئاۋىن باش تۈزگۈچىسى بولغان.

2012 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - تارماق دوختۇرخانىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچى» شەرىپىگە ئىگە بولغان. 2014 - يىلى دۆلەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان ئىقتىساسلىقلارنى تەربىيەلەش پىلانى «تەڭرىتاغ ئىقتىساسلىقلار قۇرۇلۇشى»غا تاللانغان. 2014 - يىلى يەنە ئىنستىتۇت تەرىپىدىن «ياش ئىلىم - پەن يۇلتۇزى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانىسىدا داۋالىق داۋالاش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

### ◀ دىلنۇرنىڭ دىل بايانلىرى:

مەن 1978 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلدۇم، كىچىكىمدىن باشلاپ تىرىشىپ ئوقۇدۇم، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ تەتقىقات بىلەن داۋالاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ رەھبەرلىك ۋە خىزمەتداشلىرىمنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە نائىل بولدۇم. بۇنداق ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمدە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور، دادام كىچىك چېغىمىزدىلا بىزگە دائىم: «پۇل بەك كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، پۇلنىڭ زىيادە ئاز بولۇشىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس، شۇڭا پۇل - مالغا بولغان كۆز قاراشنى توغرا تىكلەپ، مەيلى نېمىلا خىزمەت قىلغىلار

چوقۇم ياخشى ئىشلەشكە تىرىشىڭلار» دەيتتى، ئۇ بۇ گەپنى تا
هازىرغىچە دەپ تۇرىدۇ. بىزمۇ ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۇرمەسلىك
ئۈچۈن تىرىشىپ كېلىۋاتىمىز. مەنچە بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقـ-
يەت قازىنىشىدا ئائىلە تەربىيەسى تولىمۇ مۇھىم، شۇڭا بۈگۈنكى
بۇ ئۇتۇقلىرىم، ئېرىشكەنلىرىمدە ئاتا - ئانامنىڭمۇ ناھايىتى
زور ھەسسىسى بار دەپ قارايمەن. ئۇلارنىڭ قوللىشى، تەربىـ-
يەسى بولمىسا بۈگۈنكى مەنمۇ بولمىغان بولاتتىم. بۈگۈن بۇ
يەردە ئۇلارغا شۇنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ: «دادا، ئاپا رەھمەت
سىلەرگە! بىزنى دەپ نۇرغۇن جاپا چەكتىڭلار! سىلەرنى ئۇ-
مىدسىزلەندۇرمەسلىك ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىمەن! ئەجرىڭلارغا
لايىق جاۋاب قايتۇرالمىدىم، نەتىجىلىرىم ئارقىلىق سىلەرنىڭ
پەخرىڭلارغا ئايلىنىمەن!»

مەن داۋالاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىمەن، بىزنىڭ بۇ
كەسپ ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك ئادەملەر بىلەن بولغان
ئالاقە، ئۇچرىشىش ئارقىلىق يۈرۈشىدۇ. كۈندىلىك خىزمىتـ-
مىزدە بىمارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن دائىم
ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان گەپ. بۇ جەرياندا ھېس قىلغانلىرىمغا
ئاساسلانغاندا دوختۇر بولغۇچىدا كەسپىي ئىقتىدار بولۇشتىن
ئىلگىرى ئادىمىلىك بولۇشى كېرەك. ئادىمىلىك كەسپتىكى
ئىقتىداردىنمۇ مۇھىم. ناۋادا بىر دوختۇر ياكى داۋالاش سېپـ-
دىكى بىرەر خادىم كەسپتە ھەر قانچە ئىقتىدارلىق بولۇپ
كەتسىمۇ، ئۇنىڭدا بىمارلارغا كۆيۈنىدىغان، ئۇلار بىلەن نورمال
پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان، سوئاللىرىغا زېرىكمەي - تېرىكمەي
جاۋاب بېرىدىغان ئېغىر بېسىقلىق، كەمتەرلىك شەكىللەنمىگەن
بولسا، بىمارلارغا بولغان مۇئامىلىسى ناچار، ئىش بېجىرىش
ئۇسۇلى قوپال بولسا ئۇنىڭ ياخشى دوختۇر ياكى ياخشى دا-
ۋالاش خادىمى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىمارلارنىڭ ياقتۇ-
رۇشىغا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلمىگەن دوختۇر قانداقمۇ
ياخشى دوختۇر بولالىسۇن؟ كۆڭۈل ئازادىلىكى خىزمەتنىڭ
ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى، كۆڭۈل ئازادە بولۇش ئۈچۈن چو-
قۇم دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئاشۇ بىمارلار بىلەن ئەپ ئۆ-
تەلەيدىغان بولۇش كېرەك، بۇ ئەلۋەتتە ھەر قايسى جەھەتتىن
شۇ تېببىي خادىمنىڭ ئادىمىلىكىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا دوختۇر-
لۇقتا كەسپىي ساپا ۋە ئادىمىلىكنى كۆپرەك تەكىتلەيمىز، ئا-
دەتتە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمغىمۇ كۆپرەك مۇشۇ ھەقتە تەر-
بىيە قىلىمەن. بۇ ئاڭلىماققا بەك كىتابىي گەپلەردەك بىلىنىدۇ،
ئەمما بۇ دىققەت قىلىساق، كۆڭۈل بۆلسەكلا قىلىپ كېتەلەيدى-
غان ئاددىيلا بىر ئىش.

مەن كىچىكىمدىن ئۇيغۇرچە ئوقۇغان، ئەمما بىزنىڭ كە-
سپتە كۆپرەك باشقا تىللارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.





مېنىڭدەك ئۆز تىلىدا ئوقۇغانلار ئۈچۈن مۇرەككەپ تېببىي بە-
لىملەرنى تىللاردىن ئۆزلەشتۈرۈش تەسكە توختايتتى، شۇڭا مەن
زېرىكمەي - تېرىكمەي تىل ئۆگەندىم. بۇ مېنىڭ كېيىنكى تەد-
قىقات ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىمدە مۇھىم رول ئوينىدى. ھازىر-
مۇ ئوقۇغۇچىلىرىمغا دائىم تەكىتلەيدىغىنىم: «ئۆز تىلىڭنى پىش-
شىق بىل، ئۆزگە تىللارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەن» دېگەنـ-
دىن ئىبارەت. ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلىرىمغا كەسپىي
پەنلەردىكى نەتىجىسىدىن باشقا يەنە تىل جەھەتتىمۇ قاتتىق تە-
لەپلەرنى قويۇپ كەلدىم، ئۇلارمۇ بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋا-
تىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارمۇ خۇشال. شۇڭا مېنىڭ قارىشىمچە، كە-
سپتە ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادىمىلىك،
كەسپىي ساپادىن باشقا يەنە تىل ئۆگىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش
كېرەك. تىل ئۆگىنىش كېيىنكى خىزمەتلەردە ئۆزى كۆزلىگەن
نىشانغا يېتىشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

ئوقۇغان كەسپىم غەرب تېبابىتى، شۇغۇللىنىۋاتقىنىممۇ
غەربچە داۋالاش. ئەمما مېنىڭ ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتىم
بولسا غەربچە - جۇڭگىچە - ئۇيغۇرچە تېبابەت دورىلىرىنىڭ
«ئېگىزلىك كېسەللىك»لىرىگە بولغان ئۈنۈمىنى تەتقىق قىلىش،

ئۇيغۇر كىتاب
www.uyghurkitap.com

ئەمەلىي شۇغۇللىنىۋاتقان داۋالاش خىزمىتىم بولسا يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىن ئىبارەت، ماھىيەتتە بۇ ئۈچى چەمبەرچاس باغلىنىدۇ... ئىلگىرى مەنمۇ نۇرغۇن كەسپداشلىرىمغا ئوخشاش ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ھەرخىل كېسەللىكلەرگە بولغان ئۈنۈمىدىن گۇمانلىناتتىم. يولدىشىم (ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى تەتقىقاتچىسى ئەنۋەر ھاكىم)نىڭ ياردىمى، ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭمۇ كېسەللىكلەرگە بولغان ئۈنۈمىنىڭ ئويلىغىنىمدىكىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسەللىكلىرىگە ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن ياخشى بولىدىكەن. غەرب تېبابىتى دورىلىرى كار قىلمىغان ياكى ئەكس تەسىر قىلغان بەزى كېسەللىكلەرگە نىسبەتەنمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدىكەن. لېكىن بىمارلارغا تەۋسىيەرىم: بۇ دورىلار يۈرەك كېسەللىكىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدىكەن، دەپلا ئىشلىتىۋەرمەستىن، دۆلەت تەرىپىدىن داۋالاش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگەن دوختۇرخانىلاردىكى كەسپىي تەربىيە قوبۇل قىلغان دوختۇرلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىستېمال قىلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا تېخىمۇ ساغلام بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى ھەم ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭمۇ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تاراتقۇ ۋاستىلىرىمۇ كۆپ خىللاشتى، ئۇچۇر تارقىتىش تېخىمۇ ئاسانلاشتى. شۇنىڭ تۇرتكىسىدە بەزى بولمىغۇر، رېئاللىققا زىت خەۋەرلەرمۇ كۆپلەپ تارقالدى، ئەمەلىيەتتە بۇلار پىتنە - پاسات ئىدى. جەمئىيەتتىكى قىسمەن يامان غەرەزلىك كىشىلەر بۇ پىتنە - پاساتلارنى كۆپتۈرۈپ تارقىتىپ ساددا، مەدەنىيەت سەۋىيەسى نىسبەتەن تۆۋەن ئادەملىرىمىزنى ئىشەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ پىتنە - پاساتلار ۋىرۇستەك يامرىدى، يەنە كېلىپ تارقالغانسېرى قار پومزىكىدەك يوغىناپ باردى. جەمئىيەتتە ھازىر دوختۇرلار، دوختۇرخانىلار ھەققىدە رېئاللىققا قىلچىلىك ئۇيغۇن بولمىغان نۇرغۇن خەۋەرلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ خەۋەرلەرنى تارقىتىپ يۈرگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇ خىل ئەھۋاللارنى باشتىن كەچۈرمىگەن، پەقەت باشقىلاردىن ئاڭلىغان مىش - مىش پاراڭلارغا ئىشەنگۈچىلەر. سىز ئويلاپ بېقىڭ! ئەگەر سىز بىر دېھقان بولسىڭىز پەرۋىش قىلغان، قان - تەردىڭىزنى سىڭدۈرگەن ئاشۇ زىرائەتلىرىڭىز قۇرۇپ كەتسە، قاراپ تۇرامسىز؟! ياق، ئۇلارنى زىيانداشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دېھقانچىلىق دورىسىدىن زەھەرلىنىش خەۋپىگە قارىماي، ئىسسىقنى ئىسسىق، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي ئېتىز بېشىدىن كەلمەستىن ئىشلەيسىز، بار كۈچىڭىزنى سەرپ قىلىسىز. دوختۇرلارمۇ شۇنداق، ئۇلار ھېچقاچان بىمارلىرىنى ساقايمىسكەن، ھاياتىغا خەۋپ يەتسكەن دەپ ئويلىمايدۇ! ئۇلار بارلىق زېھنى، ھەتتا ھاياتىغا كەلگەن خەۋپلەر بەدىلىگە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئارىدا خېلى كۆپ قىسمىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىسىمۇ، يەنە بەزى بىمارلار ۋاقتىدا ئېلىپ كېلىنمىگەنلىكى ياكى ھازىرچە داۋاسى تېپىلمىغان كېسەللەرگە مۇپتىلا بولغىنى ئۈچۈن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دەپ ئاتىلىۋاتقىنىمىز بىلەن بىزمۇ ئىنسان، ھەممىلا كېسەلگە داۋا قىلىپ ئۈلگۈرەلمەيمىز، ھەممىلا كېسەلنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز دېيەلمەيمىز، ئەمما قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. بىر دوختۇرنىڭ جان تالىشىۋاتقان بىمارنى قۇتۇلدۇرۇشقا قۇربى يەتمەي كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرغاندىكى ئەھۋالىنى ئويلاپ بېقىڭ! ئەجەبا ئۇ ئازابلانماسمۇ؟ ئۇنىڭمۇ يۈرىكى پۇچۇلانماسمۇ؟ ياق! بۇنداق شارائىتتا بىمارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن تەڭ ئازابلىنىدىغان بىر كىشى بار، ئۇ دەل شۇ كېسەلگە مەسئۇل دوختۇر!

مەن بۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنى ياكى كەسپداشلىرىمنى ئاقلىماقچى ئەمەس، پەقەت كىشىلەرنى ياخشىراق ئويلىنىپ باقسۇن دېمەكچى. بەلكىم مەلۇم دوختۇرنىڭ كەسپىي ساپاسىنىڭ ناچارلىقى، خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ كەمچىلىكى، خىزمەت رىتىمىنىڭ تېزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنداق - مۇنداق ئەھۋال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىراق بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئەمەس. بۇنداق ئەھۋال سادىر قىلغان دوختۇرلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان تەشكىل، مۇناسىۋەتلىك قائىدە - قانۇنلار بار. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشەنمەي، تېببىي ئورۇنلارغا گۇمان بىلەن قارىماي، سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلەپ دوختۇرلار، دوختۇرخانىلار بىلەن بىمارلار ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، ھازىرقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈمگە ھەر جەھەتتىن قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمگە، خىزمەتداشلىرىمغا ۋە شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن! رەھمەت ھەممىڭلارغا!

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

# مېھىر- مۇھەببەت دىللارنى يورۇتسۇن

شەمسىيە ئەبەيدۇللا



مۇھەررىر ئىلاۋىسى: ئەزىز ئوقۇرمەنلەر، كۆپ يىللاردىن بېرى ژۇرنىلىمىزنىڭ «سىرداشلار سەيلگاھى» سەھىپىسىدە ھەجمى قىسقا، مەزمۇنى چوڭقۇر، دەۋر روھىغا ئىگە نادىر ماقالە - ئەسەرلەرنى بېرىپ كېلىۋاتقانىدۇق. سىردىشىش ۋە پىكىرلىشىش مېھىر - مۇھەببەتنى، ئىنسانىي قېرىنداشلىقنى، دوستلۇق رىشتىسىنى كۈچەيتىدىغان، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ئامىل بولغىنى ئۈچۈن بۇ سەھىپىمىز مۇھەببەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى.

بۇ سانىمىزدىن باشلاپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىمىزنى خەلققە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش، دەۋر روھىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش، ياشلىرىمىز ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تەخىرسىز مەسىلىلەر ھەققىدە يەنىمۇ ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈش مەقسىتىدە «سىرداشلار سەيلگاھى» سەھىپىسىدە دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان، ئۆزىنىڭ سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى، يارقىن ئىزلىرى بىلەن ئىزدەنگۈچى ياشلارغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تەپەككۇر ئىگىلىرىنىڭ ئۆز قەلىمىدىن پۈتكەن نادىر يازمىلىرىنى ياكى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئەھمىيەتلىك كەچمىشلىرىنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنماقچىمىز. قەلەم ساھىبلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ۋە قىممەتلىك پىكىرلىرى بىلەن قوللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



سۆزلىرىمىزنىڭ دەللى سۈپىتىدە بۇساندا مېھىر - مۇھەببەتلىك قەلبى، تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان سۆيۈملۈك ئۇيغۇر قىزى شەمسىيە ئەبەيدۇللانىڭ يازمىسىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

ئەزىزانە قەشقەردە ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قايناق كەچلىك بازاردا ئايلىنىۋېتىپ، نىمكەش كىيىم - كېچەك ۋە ئاياغلارنى يېيىپ سېتىۋاتقان كىشىلەرگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىردىنبىر ئايال تىجارەتچى — ئالدىغا ئۈچ جۈپ ئاياغنى يېيىپ ئولتۇرغان مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپلا سورىدىم: «ئاياغلارنى قانچىدىن ساتىسىلا ئاپا؟» موماي ماڭا قاراپ بىر ھازاغىچە گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى. مەن سوئالىمنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ

www.uyghurkitap.com





كۈلۈپ تۇراتتىم. موماي ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

— ھەي، سىلى ئالمايلا بۇنى...

— ئالمەن ئاپا، دېسىلە، قانچە پۇل؟

— جۈپى ئون كوي...

بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەشكە ئاجىز كەلدىم، مەن ئوتتۇز يۈەننى مومايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ دېدىم:

— ھەممىنى ئالاي، بىراق سىلى ماڭا ياردەم قىلىپ بۇ ئاياغلارنى ئايىغى يوق كىشىلەرگە بېرىپ قويسىلا، بولامدۇ؟



مومايىنىڭ ھەيرانلىق، خۇشاللىق، مىننەتدارلىق چىقىپ تۇرغان چىرايى ۋە «شۇنداق قىلاي، رەھمەت بالام» دېگەن سۆزى قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا جىقراق پۇل بەرگۈم بار ئىدى، بىراق ئىرادىسىنى سۇندۇرغۇم، غۇرۇرىغا تەگكۈم كەلمىدى، مۇشۇ يېشىدا، مۇشۇ كەچتە ھالال ئەمگىكى بىلەن كۈچىنى خار قىلسىمۇ ئۆزىنى خار قىلمىغان بۇ ئانىنىڭ تۇرمۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش روھى ۋە ئىقتىدارىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئىچ ئاغرىتىش ۋە ياردەم ئوبيېكتى بولۇشقا كۆندۈرۈپ قويۇش بىر جىنايەت ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ مۇشۇ روھى بىلەن بالىلىرىنى، ھەتتا نەۋرىلىرىنى تەربىيەلەيتتى. مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردۈم.

بۇ ھېكايە ئارقىلىق «ئوتتۇز يۈەنلىك ‹ياخشى ئىش›ىڭىزنى تەشۋىق قىلماقچى بولۇۋاتامسىز؟» دەپ سورىغۇسى كەلگەنلەر بارمۇ؟ مەن شۇنداقلارنىڭ بار بولۇشىنى خالايمەن. جاۋابىم شۇكى، شۇنداق، مەن شۇنداق قىلماقچى، قانچە كۆپ تەشۋىق قىلىنسا شۇنچە ياخشى!

مەن ئالىي بەزمىخانىلاردا ھەشەمەتچىلىك بىلەن مېھمان بولۇپ ياكى كىملەرنىدۇ مېھمان قىلىپ، پۇل تۆلىگەندە «ئاشقىنىنى قايتۇرماڭ» دەيدىغانلارنى كۆرگەن، ئوخشاش كىيىمنىڭ داڭلىق ماركىلىقىنى نەچچە مىڭ يۈەن باھا پەرقى بىلەن ئىزدەپ سېتىۋېلىپ، ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم كىيىپلا تاشلىغانلارنى كۆرگەن؛ خەجلىمىسىمۇ بولىدىغان پۇلنى زورلاپ خەجلەپ، بايلىقىنى نامايان قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرگەن...

بىزدە كۈنىگە 10 ـ 20 يۈەن كىرىم قىلىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن ھالال ئەمگەكچىلەر بار، ئۇلار سىزنىڭ ماللىرىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىشىڭىزنى، «ئاشقىنىنى قايتۇرماڭ» دېيىشىڭىزنى ياكى قانداقتۇر ھېسداشلىق بىلەن ياردەم قىلىشىڭىزنى ئەمەس، قەھرىتان سوغۇقتا تىترەپ مال سېتىۋاتقاندا، تومۇز ئىسسىقتا ھالسىزلىنىپ ھارۋىسى ياكى يايمىسى يېنىدا خېرىدارغا تەلمۈرۈپ تۇرغىنىدا، پەقەتلا بىرەر كىلوگىرام ياكى بىرەر تال مېلىنى ئۆز باھاسىدا سېتىۋېلىشىڭىزنى، ئىنسانىي مېھرىڭىز بىلەن رەھمەت ئېيتىپ، سودىسىغا بەرىكەت تىلىشىڭىزنى خالايدۇ، خالاس!

ئەتراپىمىزغا قاراپ باقايلى، ئېرىشكەنلىرىمىزدىن قېرىنداشلىرىمىز بىلەن تەڭ بەھرىلىنىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئارتۇق پۇلىنىمۇ خەجلەيدىغان ئورۇن بار، خەجلىگىنىڭىزدىن سىزنى سۆيۈندۈرىدىغان، ھاياتىڭىزنىڭ قىممىتىنى سىزگە، مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى قېرىنداشلىرىڭىزغا ھېس قىلدۇرىدىغان ئورۇن بار، قەدىرلىك قېرىندىشىم، ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، بىر قاراپ بېقىڭ...

مۇھەررىر: مەھمۇدجان خوجا ئۈمىدۋار
ئېلخەت: mehmudjanxoja@126.com

# بىر ناخشىنىڭ ھېكايىسى

مەھمۇدجان خوجا ئۈمىدۋار / روشەنگۈل ئىمرھەمزى

ناخشا يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان، ئېيتقۇچىغا ۋە ئاڭلىغۇچىغا ئوخشاشلا روھىي لەززەت ئاتا قىلىدىغان بۈيۈك سەنئەت، مۇھەببەتلىك قەلبنىڭ ئەزگۈ ساداسى، ئۇ ئىنساننىڭ مەنىۋى تارىخى. شۇڭا ناخشىلار ئىنسانىيەت بىلەن تەڭ بارلىققا كېلىپ، ئىنسانغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە.

ناخشىچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ كەسىپ ھەققىدە مېنىڭ چۈشەنچەممۇ بەك چوڭقۇر. بەزى ناخشىلار مېنى شېرىن چۈش قۇچىقىدا ئەللەيلەتسە، بەزى ناخشىلار سۆيگۈ ۋە ھىجران تۇيغۇسىدا ئازابلايدۇ؛ بەزى ناخشىلار قېرىنداشلىق مېھرىنى ھېس قىلدۇرسا، يەنە بەزى ناخشىلار پەرزەنت ئىشقىنى كۆڭلۈمگە سېلىپ يۈرىكىمنى ئېلىتىدۇ، بەزى ناخشىلاردىن ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ھېسابلانغان ئاتا - ئاتامنىڭ ئەجرى ۋە سىماسىنى ئەسلەسەم، بەزى ناخشىلاردىن جەمئىيەت ۋە ھايات ھەققىدە تەگسىز ئويلارغا چۆمۈلىمەن. ئومۇمەن، ناخشا - مۇزىكا يۈرىكىمنى تىترىتىدىغان ئۇلۇغۋار سەنئەتتۇر.

مۇھەببەتنىڭ چېگراسى بولمىغىنىدەك، ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرىنىڭ، ئېسىل ناخشا - كۈيلەرنىڭمۇ چېگراسى يوق. مۇشۇ سۆزلىرىمگە دەلىل سۈپىتىدە ماكان - زاماندىن ھالقىغان گۈزەل بىر ناخشا ھەققىدە سۆزلەيمەن.

ئۇيغۇر ئاممىباب ناخشا - مۇزىكا سەنئىتى ئالتۇن دەۋرگە كىرگەن 1990 - يىللاردا بىر تۈركۈم سەرخىل ئىجادىي ناخشا - مۇزىكىلار ۋە ئۆزلەشتۈرمە ناخشىلار بارلىققا كېلىپ، مەنىۋىيەت تەشنالىرىغا، سەنئەت شەيدالىرىغا چەكسىز ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق بەخش ئەتتى. 1996 - يىلى يانۋاردا ئۇيغۇر ئاممىباب ناخشىچىلىقىدا سەپ يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مۇنەۋۋەر كۈيچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم «خىيالدىكى سۆيگۈ» ناملىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى چىقاردى. بۇ لېنتىدىكى ئىجادىي ۋە ئۆزلەشتۈرمە ناخشىلار تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مېلودىيەسىنىڭ يېقىملىقلىقى، ساپ ئىنسانىي تۇيغۇلارغا تولۇپ تاشقانلىقى، ئەڭ مۇھىمى ئورۇنداشتىكى ئالاھىدە ماھارەت ۋە ساپ ھېسسىيات بىلەن شۇ دەۋر ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا ساھەسىگە نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ قالدى. مۇشۇ لېنتىدىكى ناخشىلار ھەققىدە چوڭ ھەجىملىك تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ، ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ سەنئەتتىكى رولى ۋە ئورنىغا باھا بېرىش مۇمكىن. ئەمما مەن يۈرەكنى تىترەتكەن بىرلا ناخشا ھەققىدە سۆزلەيمەن.

لېنتىدىكى «بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن» ناملىق ناخشا ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئاتەش نەپەسلىرى ئارقىلىق ياڭرىغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىل تارىنى چېكىپ، سۆيگۈ - مۇھەببەت ھەققىدىكى ئەزگۈ خىياللىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كەلدى. بۇلاقنىڭ مەنبەسى، دەرەخنىڭ يىلتىزى بولغىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كلاسسىك كۈيلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ ئۆلمەس ناخشا ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قېرىنداش، تەقدىرداش، سىرداش بولۇپ ياشاۋاتقان ئۆزبېك خەلقىنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققاندى.



«بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن» ناملىق بۇ ناخشىنىڭ تېكستىنى بۈگۈنكى كۈندە «ئۆزبېكىستان خەلق شائىرى» نامىغا مۇيەسسەر بولغان داڭلىق شائىر ئىقبال مىرزا 20 نەچچە ياش ۋاقتىدا يازغان بولۇپ، مۇزىكىسىنى ئوتتۇرا ئاممىباب ناخشىچىلىقنىڭ نامايەندە ۋەكىلى، بۈيۈك سەنئەت ئەربابى مۇھەررەدىن خالىقوۋ ئىجاد قىلىپ، ئۆزى ئورۇندىغانىدى. چەكسىز ئۈمىدۋارلىق، ساپ ئىشق، رومانتىك مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن بۇ ناخشا يۈرىكىدىكى چوڭقۇر دەردىنى مەيىن شامالدەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن روشەن ئىپادىلەيدىغان ئۇنتۇلماس سەنئەتكار مۇھەررەدىن خالىقوۋنىڭ ئارامبەخش ئاۋازى بىلەن كەڭ تارقىلىپ، ئۆزبېكىستاندىكى سەنئەت شەيدالىرىنى مەستۇ مۇستەغرەق قىلدى. شېئىرىيەت نۇقتىسىدىن، مېلودىيە نۇقتىسىدىن، ئورۇنداش نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندىمۇ يۇقىرى قىممەت ياراتقان بۇ ناخشىنىڭ تولۇق تېكستىنى كۆرۈپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولماس:

ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap.com



## تاپارمەن

چاچلىرى دېڭىزنى تاپارمەن،
ئالەمدە يالغۇزنى تاپارمەن.
ئۆزۈمنى يوقاتسام يوقاتىم،
بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن.

مايسىنى سىلايتتى يامغۇرى،
زۆھرەنى سۆيەتتى تاھىرى،
مەن ساڭا يېتەرمەن ئاخىرى،
بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن.

پەلەكتە يۇلتۇزلار تېپىشقاي،
يۈرەكتە كۈندۈزلەر تېپىشقاي،
سۆيۈشكەن بۇ كۆزلەر تېپىشقاي،
بەربىر مەن سېنى تاپارمەن.

قارارىم: يېنىڭغا بارمىقىم،
چېچىڭنى سىلايدۇ بارمىقىم،
ھىلالنى كۆيدۈرەر ھەر ئاھىم،
بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىر ناخشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تېكىستى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شائىرنىڭ پاكىز قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان گۈزەل شېئىر ئەڭ ئالدى ئۇنى يازغان شائىرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. مۇزىكانت شېئىردىكى ئىچكى رىتىم، چوڭقۇر مەزمۇننى ئوقۇيدۇ -دە، گۈزەل بىر مېلودىيە قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ، ئۇرغۇپ - تېشىپ چىقىدۇ. شائىر بىلەن مۇزىكانتنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەمگىكىنى چۈشەنگەن ناخشىچى ئۇنى يۈرىكى بىلەن ئورۇندايدۇ -دە، ئېسىل بىر ناخشا ئەل ئىچىگە تارايدۇ. «بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن» ناملىق بۇ ناخشا ئېيتىلغان شۇ يىللاردىن تارتىپ ھازىرغىچە مودىدىن قالماي ناخشا - كۈي شەيدالىرى قەلبىدە ياشاپ كەلدى.

فەرغانە ۋادىسىدىكى نەمەنگاندا تۇغۇلۇپ، تاشكەنتتە قازناش ھادىسىسىدە 42 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بۈيۈك ئۆزبېك سەنئەتكارى مۇھەررىدىن خالىقوۋنىڭ بۇ ئېسىل ناخشىسى تارىم ۋادىسىغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئاممىباب ناخشىچىلىقىدىكى يەنە بىر گىگانت چولپان ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ سېھىرلىك ئاۋازى ئارقىلىق ئاڭلاندى. ئابدۇللا ئابدۇرېھىم «بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن» ناملىق بۇ گۈزەل كۈينىڭ تېكىستىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ ئۆزگىچە ھېسسىيات بىلەن ئورۇنداپ، بۇ ناخشىنى ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇتتى. بۇ ناخشا شۇقەدەر كەڭ تارقالدىكى، ھەر بىر توي - تۆكۈندە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە تەكرار - تەكرار ئېيتىلىدىغان قىزغىنلىق شەكىللەندى. بۇ ناخشىنى ئېيتقان ئۇيغۇر ناخشىچىلىرىمۇ ئابدۇللا ئابدۇرېھىمدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ئوندىن ئاشىدۇ. ئۆزبېكىستاندىمۇ مۇھەررىدىن خالىقوۋنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نەچچە مەشھۇر ئۆزبېك ناخشىچى ئېيتتى. بۇ ناخشا ئۆزى ۋە مەدەنىيەت - سەنئىتى ئوخشاشلا قېرىنداش ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقىنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ باغلىدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. سەنئەتتىكى بۇ خىل ئۆتۈشۈش ھادىسىسىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئاساسى بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە سودا كارۋانلىرىنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى بىر - بىرىنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ تۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن شېئىر - داستانلاردىن سىرت ناخشا - مۇزىكىلارمۇ تەڭرىتاغ باغرىدا ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدا ئۆزگىچە ۋارىيانتتا تارقالغانىدى. «گۈليار»، «دىل خىراج»، «دىل كۈيى»، «فىغانىكىم»، «سۇمبۇلە»، «چۆلى ئىراق»... قاتارلىق كلاسسىك ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۆزبېك خەلقى ئارىسىدا ئوخشاشلا مەۋجۇدلۇقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - قوشاقلىرىدا «نەمەنگاننىڭ ئالمىسى»، «مەرغىلاندا تاڭ ئاتار»، «ئەنجان رەستىسى»، «ئەنجان يولى بىر ئايلىق»... قاتارلىق مىسرالارنىڭ بولۇشى، ئۆزبېك خەلقىنىڭ ناخشا - قوشاقلىرىدا «قەشقەر قىزى»، «قەشقەر رەستىسى»، «قەشقەر تۇپرىقى»، «ياركەند (يەكەن)گە سالام»... قاتارلىق سۆز ۋە مىسرالارنىڭ بولۇشى ئىككى تۇپراق ۋە ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس رىشتىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك دەلىل.

تالانتلىق شائىر ئىقبال مىرزانىڭ ئوتلۇق قەلىمىدىن، بەتەكرار مۇزىكانت ۋە غەزەلخان مۇھەررىدىن خالىقوۋنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان «بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن» ناملىق بىر ناخشىدىنلا ھەقىقىي سەنئەت ۋە مۇھەببەتنىڭ راستىنلا چېگرادىن ھالقىيالايدىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن. مۇھەببەت، دوستلۇق، قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىدىغان سەنئەت نەقەدەر ئۇلۇغ ھە؟!

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئېسىل شېئىرلارنىڭ ئاپتورى، شائىر ئىقبال مىرزا 50 ياشنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئاممىباب ناخشىچىلىقىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى مۇھەررىدىن خالىقوۋنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 15 يىل بولدى. «بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن» قاتارلىق گۈزەل كۈيلىرى بىلەن ئاز كەم 30 يىلدىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىلكىشىگە ئايلانغان ئابدۇللا ئابدۇرېھىممۇ ئاللىقاچان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ھۆرمەتلەيدىغان بۈيۈك سەنئەتكارغا ئايلاندى. مۇھەررىدىن خالىقوۋنىڭ ئىنىسى ھۆسنىددىن خالىقوۋ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتىغان مەرسىيە ناخشىسىدا«‹تاپارمەن› دەپ قاي مەنزىلنى كۆزلىدىڭىز؟» دېگەنىكەن. ئېھتىمال، مۇھەررىدىن خالىقوۋ «ئەل قەلبىدىن ئورۇن تاپىمەن» دەپ ئىزلىگەن بولسا كېرەك.

شۇنداق، دۇنيادا سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن، ئىنسانىي قېرىنداشلىق رىشتىسىدىن ئارتۇق ئۇلۇغۋارلىق يوق. «بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن» ناملىق ناخشىنىڭ ھېكايىسىدىن ئوقۇرمەنلەر مېھىر - مۇھەببەتنىڭ، ۋاپا - ساداقەتنىڭ، دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالىسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە مەن.

(ئاپتورلار: «تارىم غۇنچىلىرى» تەھرىراتىدا)
(ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيىدا)

مۇھەررىر: مەھمۇدجان خوجا ئۈمىدۋار
ئېلخەت: mehmudjanhoja@126.com

# ئاتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، ئانا ئۆينىڭ يۈرىكى

◉ روزىھاجى نەزەر



تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تىرىكلىكىگە شاھىت بولۇش، نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن ياشاشنى بىلىش ئەقلىنىڭ موللاشقىنىدۇر؛ كۆزنى چوڭ ئېچىپ يىراققا نەزەر تاشلاش، ئەخلاق تارازىسىدا ئۆلچىنىش، ئادىمىيلىك باياندا چېنىقىش، ئاتا ـ ئانا، مۇئەللىم، جەمئىيەت تەربىيەسىدە تاۋلىنىش، ئانا ھۆرمىتى، ئاتا تەختىدە كۆكلەپ دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ئارقىلىق ھاياتقا زىننەت بېغىشلاش مۇھىم ۋەزىپىدۇر.

بارلىقىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن ساغلام يېتىشكەن ئادەم بولۇشىغا بېغىشلىغان، ئۆز خۇشاللىقى ۋە بەختىنى پەرزەنت ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان كىشىلەر زامانىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى قاتارىدا بولۇشقا تامامەن ھەقلىق. ھەممىمىز بىلىدىغان، كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرىدىغان بۇ كىشىلەر ھاياتلىقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان، قايتا ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بىردىنبىر ھاياتىي كۈچ. ئالىي شەرەپ، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئاتا ـ ئانىلاردا، ئۇلار ئىنساننىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەربىيەچىسىدۇر. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى ساپ ئەقىل سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ، مېڭىسىدە ئۈچمەس ئەقىل نۇرلىرىنى جۇلالاندۇرىدۇ، ئۇيقۇدىن بىدار ئۆتكەن تالاي كېچىلەر بەدىلىگە سۆيۈملۈك بالىسىنى پەپىلەپ چوڭ قىلىدۇ.

بىر ئائىلىدىكى ئىككى ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمىدە تويى قىلىپ، ئۆي ئېلىپ ئايرىم ماكانغا چىققان، بالىلىق بولغان تۇرۇقلۇق تىرىشىپ ئىشلەپ ھالال ئەجىر بىلەن بېيىماي ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزگەن، ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىن كالا ئورنىدا كۆرۈپ داۋاملىق پېنسىيە مائاشىغا كۆز قىزارتقان. ئاتا ـ ئانىسى بالىلىرىنىڭ بويۇن قىسىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلغان، ئوغۇللىرى قىيدىسىمۇ، پات-پات يوقلاپ تۇرمىسىمۇ ھار ئالمىغان. ئۇلارنىڭ بەدىنىدە كۈچ-مادار قالماي بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا كەم ئەقىل بالىلار: «ئادەم ئۆلمەي جاھانغا تۈۋرۈك بولمىغاندىكىن، ئاتا ـ ئانام پاتراق ئۆلسە 120 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق دەپنە پۇلىنى تەڭ بۆلۈشۈپ ئالساق تۇرمۇشىمىز ياخشىلىناتتى» دېگەن. بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك-ھە! نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئوغۇللارغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىدى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ھېسداشلىق قىلدى، ئىچ ئاغرىتتى.

تۇرمۇشىمىزدا، بۇنداق مەسىلىلەرنى يەنە ئۇچراتمايمىز دېيەلمەيمىز. ئاقىللار ئېيتقاندەك ياخشى تەربىيەلەنمىگەن پەرزەنت ئاتا ـ ئانا، جەمئىيەت ئۈچۈن ئېغىر يۈك. ھايات ئېكىنزارىغا نېمە تېرىساق شۇنى ئالىمىز. ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئۆزىمىز بىلگەن سەنەمگە دەسسىگىنىمىزدە، ئاخىر پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز. «ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە، توپا چاچار كۆزىگە» دېگەندەك، ئۆزىمىزدىكى ئىللەت مەرەز كەبى بالىمىزغا يۇقـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. «يامان يولۋاس يولدا يېتىپ شىرغا يول بەرمەس، ئاتا — ئانىسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى كەلمەس!» دېگەنلىك ئۆلمەس ھەقىقەتتۇر.

80 ياشتىن ھالقىغان بوۋاي يىقىلىپ چۈشۈپ يوتا سۆڭىكى سۇنۇپ كەتكەچكە دوختۇرخانىدا سۆڭەك ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. تېلېگراف شىركىتىدە ئىشلەيدىغان 28 ياشلىق چىرايلىق قىزى كۈن بويى ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ سۈيۈنۈش ئىچىدە باقتى. دادىسىنىڭ تەرىتىنى تۆكتى، كىيىم — كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، ياقىسىنى ئازراقمۇ كىر قىلىپ قويمىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر تەسىرلەنمەي قالمىدى، ئەلۋەتتە!

— بالام، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى، رىسقىمۇ شۇنچىلىك



ئوخشايدۇ، ئارامىمدا قويغىن...

بوۋاينىڭ ئوغلى يوق بولغاچقا قىزى ئالدىدا بەكلا خىجىل بولدى، قانچە قېتىملاپ تارام — تارام ياش تۆكتى، قىزى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئايىغىنى قۇرۇقداۋاتقاندا، ئېرىنمەي ئىچ كىيىم كىيدۈرۈۋاتقاندا نومۇستىن نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلدى. دوختۇرخانىدىكى 50 كۈن بىر يىلدەك ياق، نەچچە ئون يىلدەك بىلىندى. ۋاپادار قىز ئاتا خىزمىتىنى ئالىي شەرەپ بىلدى، توي قىلمىغان سىڭلىسى، يولدىشى ۋە بالىلىرىنى پەقەتلا ئاۋارە قىلمىدى، ۋايسىمىدى. دوختۇر — سېستىرالار، ياتاقداشلار، كۆرگەن — بىلگەنلەر تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا «مانا بۇ قىز ھەقىقىي پەرىشتە ئىكەن!» دەپ ئالقىش ياغدۇراتتى.

بۇ دوختۇرخانىدا ياتقاندا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، قىلچە يالغان ئارىلاشمىغان ھەقىقىي بولغان ۋەقە. «دادا، چىرايىڭىزغا قىزىللىق يۈگۈرۈپتۇ، ياخشى بولۇپ كېتىسىز. سىزنى سۆيىمىز!...» كۆيۈمچان قىزنىڭ كۈچلۈك مەدىتى، تاتلىق سۆزلىرى بوۋاينىڭ ساقىيىشىنى تېزلەتتى. بۇ خۇددى «بىر ئېغىز شېرىن سۆزنىڭ بىر قاچا ھەسەلدىن ئارتۇق» لىقىنى، ئاتا سۆزىنىڭ بالىنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى، بالىنىڭ پەقەت ئاتا — ئانىسى ئارقىلىق بەخت — سائادەت تاپالايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى ...

دۇنيا بىزگە مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئاتا — ئانا مېھر — مۇھەببىتى مەڭگۈلۈك. ئاتا — ئانا خۇشپۇراقلىق گۈلدۇر. بۇ گۈلنى ئاسراش پەرزەنت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك باھاردىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئاتىلارغا، ئۆينىڭ يۈرىكى بولغان ئانىلارغا سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراش، تاكى ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پەرزەنتنىڭ بۇرچىدۇر. خۇددى دانالىرىمىز ئېيتقاندەك، دۇنيادا ھەممە نەرسىنى كۆمگىلى بولىدۇ، ھەم كۆمۈلۈپ كېتىدۇ، كۆمۈلمەيدىغان ھەم كۆمگىلى بولمايدىغان نەرسە پەقەت ياخشىلىقتۇر. بولۇپمۇ ئاتا — ئانىغا قىلغان ياخشىلىق ھەرگىز كۆمۈلمەيدۇ، زايە كەتمەيدۇ.

ئىنساننىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمى يەنىلا ئاتا — ئانا بولغانىدىكىن، پەرزەنت بولغۇچى ئۆز ئاتا — ئانىسىغا رەھىملىك ۋە كۆيۈنۈش نەزىرىدە قارىغاندا بىر ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئېنىق. ئانىنىڭ بىر قولىدا بۆشۈكتىكى بالىسىنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا ئالەمنى تەۋرىتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئانىلارنىڭ دۇنياني، ئىنسانىيەتنى، مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئاتىلارنىڭ قۇياش كەبى نۇر چېچىپ ھاياتلىققا جان پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتقۇنىمىزدا، بەختلىك ياشاپ خار بولمايدىغانلىقىمىز، گۈزەل ئەخلاق، بىلىم بىلەن گۈزەل ماكان قۇرۇپ كۆنسېرى روناق تېپىشىمىز مۇقەررەردۇر! ...

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

# جاسارەتلىك مېيىپ ئەدىبلەر

ئىلھام مۇھەممەد

تارىختا ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۈچ قوشقان بىر تۈركۈم جاسارەتلىك مېيىپ ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارىتى، قەيسەر روھى بىلەن ئۆزى دۇچ كەلگەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ ئەدەبىيات ئالەمىدە يېڭىدىن يېڭى رىۋايەتلىرىنى ياراتقان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجادىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، جاھان ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان.

(1) فەنىس يارۇللىن: (2012-1938) تاتارىستاننىڭ مەشھۇر خەلق شائىرى، يازغۇچىسى، دراماتورگى. فەنىس يارۇللىن 1938 - يىلى 19 - فېۋرالدا تاتارىستاننىڭ چەت ناھىيەسى باۋلىنىڭ قىزىليار يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. فەنىس بەشىنچى بالا بولۇپ، تۆت ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئاتاۋۇللا فرونتتا قۇربان بولغان. ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن، فەنىس ئۆز يېزىسىدا 8 - سىنىپقىچىلا ئوقۇيالىغان. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش يېشىغا يەتكەندە، ھەربىي سەپكە تىزىملىتىپ مىسىردىكى ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىگە بارغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن، قىسىملار بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، تورنىكتا «قۇياش» (پۈتۈن بەدەن بىلەن چەمبەر شەكلى چىقىرىش) مەشىقى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، بەختكە قارشى قوللىرى بوشاپ كېتىپ، ئون مېتىر يىراقتا ئولتۇرغان ئوفىتسېرلارنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ، يۇلۇنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ھەربىي دوختۇرخانا، يەرلىك شىپاخانىلاردا داۋالانغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىغان.

بىر مەزگىلدىن كېيىن پەقەت قوڭۇر كۆزلىرىلا مەيۈس باقىراپ تۇرغان فەنىس «ئۆمۈرلۈك مېيىپ» بولۇپ ئۆز يېزىسىغا زەمبىلدە قايتىپ كېلىدۇ. «بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، شۇ ئىشتىن كېيىن مەڭگۈ بىللە بولۇشقا ۋەدە قىلغان تۇنجى سۆيگۈنى ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇستىلەپ كەلگەن بۇ روھىي ئازاب ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۆتكۈر تىغ بولۇپ سانجىلىدۇ. بويىندىن تۆۋەن بەدىنى پۈتۈنلەي جانسىز، پەقەت تورۇسقا قاراپ ياتىدىغان فەنىس «كارىۋات يارىسى» بولۇپ، يانپاشلىرى تېشىلىپ، بىر پارچە گۆشى شالۋەرەپ سېسىپ كېتىدۇ. فەنىس ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، داۋالاشنى رەت قىلغاندا دوختۇرخانىدىكى ئۇۋۇلاپ داۋالايدىغان كۆرۈمسىز سېسترا قىز ئۇنى سەۋر قىلىشقا، ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندەيدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئاخىرى مۆجىزە يۈز بېرىدۇ - دە، فەنىسنىڭ قول بارماقلىرى ھەرىكەتكە كېلىدۇ. بۇ ئىشتىن شۇنچىلىك خۇشال بولغان سېسترا دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەي ئۇۋۇلاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە نىكولاي ئوستروۋسكىينىڭ ئىستاكانچىلىك چوڭلۇقتىكى مىس ھەيكىلىنى سوۋغا قىلىپ، ئوستروۋسكىيدىن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، قولىغا قەلەم تۇتقۇزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ پەۋقۇلئاددە مېيىپ ئۆز - ئۆزىگە، كېسەل تېنىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، مىدىر - سىدىر قىلالماي تورۇسقا قاراپ ياتقان ھالەتتە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلىم ئېلىشقا، ئۆزىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاشقا ئىرادە باغلايدۇ. سېسترا ئۇنىڭ خەت يېزىشى ئۈچۈن مەيدىسىگە قويىدىغان كىچىك تاختاي ئېلىپ كېلىپ، قەلەمنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ باغلاپ قويىدۇ. فەنىس ئاخىرى قەغەزگە ئۆزىلا ئوقۇيالايدىغان ئۆمۈچۈك تورىدەك خەتلەرنى يازالايدىغان بولىدۇ. كېسەل كارىۋىتىدا ئاشۇ ھالەتتە يېتىپ، 1963 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى سىرتتىن ئوقۇپ پۈتكۈزىدۇ. قازان شەھىرى 18 - ئىشچى ياشلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى خىزمەتتىن بوشاپ كېسەلخانىدا خالىس دەرس ئۆتۈپ بېرىدۇ. ئۇلۇغ ئارزۇ - غايىسە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نى پولاتتەك ئىرادە بىلىيدە بىلگەن فەنىس 1970 ـ يىلى قازان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرستېتى تارىخ ـ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك دىپلوم ئالدۇ ھەمدە شېئىر يېزىشقا باشلايدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 60 ـ يىللاردا ئۆز يۇرتىدىكى «باۋلى گېزىتى» دە، كېيىن جۇمھۇرىيەتنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندۇ. تاتارىستانىنىڭ مەشھۇر ئەدىب، ئاقساقاللىرى، شائىر ـ يازغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشى، ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا فەنىس پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ. 1964 ـ يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «مەن تۇرمۇشنى سۆيىمەن» نەشىردىن چىقىپ، پۈتۈن تاتارىستاندا زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن شېئىرىيەت مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە شېئىرى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. كېيىنكى يىلى بىر قانچە پارچە شېئىرى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، لوندوندىكى ھەپتىلىك گېزىتتە قىسقىچە تەرجىمىھالى بىلەن تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئاساس قىلىنغان «يەلكەنلەر شامالدا سىنىلار» (1972)، «قيغاق ـ قيغاق غاز قىچقىرار»، «چېچەكلەر مۇڭى» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «جان ئاۋازى»، «نەسىل ياغاچ» قاتارلىق داستانلىرى، «تاڭ ۋاقتى» (1969)، «دىراملار» (1988) ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى توپلىمى ئۇنىڭ نامىنى مەملىكەتكە تونۇتىدۇ، ئەسەرلىرى دەرسلىكلەردىن ئورۇن ئالىدۇ، كىتابلىرى رۇس، قازاق، ئۇكرائىن، ۋېنگىر، بۇلغار ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. دىراما، كومېدىيەلىرى تاتارىستان، باشقىرىستان خەلقلىرى ئارىسىدا زور شۆھرەت قازىنىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى زور ئۇتۇقلىرى ئىرادىلىك بۇ شائىرنى تېخىمۇ ئۇلۇغ شان ـ شەرەپكە نائىل قىلىدۇ. 1987 ـ يىلى تاتارىستان ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ مۇسا جەلىل نامىدىكى شېئىرىيەت مۇكاپاتىغا؛ 1985 ـ يىلى «تاتارىستانىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى» دېگەن شەرەپلىك نامغا؛ 1988 ـ يىلى «خەلقلەر دوستلۇقى ئوردىنى»غا؛ 1995 ـ يىلى تاتارىستانىنىڭ ئەڭ ئالىي ئەدەبىيات مۇكاپاتى «ئابدۇللا توقاي» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا؛ 2001 ـ يىلى تاتارىستان زۇڭتۇڭى مىڭكېمىر شەمىيېفنىڭ 13 ـ فېۋرالدىكى تەستىقى بىلەن «تاتارىستانىنىڭ خەلق شائىرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا نائىل بولىدۇ.

فەنىس يارۇللىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىلا ئەمەس، مۇھەببەتتىمۇ مۆجىزە ياراتتى. ئۇنىڭ كىتابلىرى، ماقالە ـ ئوچېركلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغان تاتار قىزلىرى بەس ـ بەستە مۇھەببەت مەكتۇپلىرىنى يېزىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلغاندا، فەنىس ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت نۇرسىيەنى تاللىۋالىدۇ. نۇرسىيە مۇھەببەت، ساداقەت، ۋاپادارلىق، مېھىر ـ شەپقەت، سۆيگۈ ئۇچۇن ياشلىق ھاياتى، بەخت ـ خۇشاللىقىنى تەقدىم قىلىشنىڭ ئاجايىپ ئۈلگىسىنى ياراتتى. نۇرسىيە فەنىسكە ھەمراھ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، تۇرمۇشى رىتىمغا چۈشىدۇ. ئىككى تال قەلەم بىلەن ئىككى قوللاپ چۈشتىن بۇرۇن ئىككى سائەت، چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەت يازىدۇ، نۇرسىيە ماشىنكىدا تىزىپ چىقىدۇ. ۋاپادار ئايالى نۇرسىيەنىڭ ساداقىتى، مېھىر ـ مۇھەببىتى ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە جەمئىي 46 پارچە كىتابى نەشر قىلىنىدۇ. 2012 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تاتارىستانىنىڭ بۇ مەشھۇر خەلق شائىرى 74 يېشىدا ۋاپات بولغاندا، جۇمھۇرىيەتنىڭ زۇڭتۇڭ، مىنىستىرلىرىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالىرىغىچە نەچچە 100 مىڭ ئاما ئۇنىڭ تاۋۇتىنى بېشىدا كۆتۈرگىنىچە ئابدۇللا توقاي، مۇسا جەلىل، ئىلمىجان ئىبراھىموفقا ئوخشاش داڭلىق ئەدىبلىرى قويۇلغان قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىدۇ.

(2) مىگېل دې سېرۋانتېس: (1547 - 1616) ئىسپانىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى رېئالىست يازغۇچىسى. ئىسپانىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاركالا دېگەن جايدا ۋەيران بولغان تاشقى كېسەل دوختۇرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىسپانىيە ۋە باشقا ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇش ئارقىلىق مول بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش روھى، ئوقۇش



قىزغىنلىقى شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، ئاران ئوتتۇرا مەكتەپكىچىلا ئوقۇيالىغان. ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان سېرۋانتېس 1570 - يىلى ئىسپانىيەنىڭ ئىتالىيىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيەسىگە قاتناشقان. ئىككىنچى يىلى كېسەل بولۇشىغا قارىماي، تۈركىيە فىلوتىغا زەربە بېرىلگەن مەشھۇر لىپانتو دېڭىز ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ئۈچ قېتىم يارىلىنىپ، سول قولى كېسىۋېتىلىپ مەجرۇھ ئەسكەر بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن كېيىنكىلەر ئۇنى «لىپانتونىڭ يەك قول ئادىمى» دەپ ئاتاشقان. بەش يىل جەڭگاھ تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 1575 - يىلى ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىدە تۈركىيە ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئەسىرگە چۈشۈپ ئالجىرىيەدە تۇرغان. بەش يىل تۇتقۇنلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ بەختسىز جەڭچىنى 1580 - يىلى قەدىناس دوستلىرى پۇل يىغىش قىلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالغان. ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەلەم ھەققىگە تايىنىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولغان. 1584 - يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى تىراگېدىيەسى «نۇمەنسىيا»نى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر سەھنىدە ئوينالغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئەينى ۋاقىتتا قەلەم ھەققى بەكمۇ ئاز بولۇپ، تۇرمۇشنى قامداش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھەربىي تەمىناتچى، باجگىر بولغان. ھەققانىيەتنى ياقلاپ، مەنسەپدارلارغا باش ئېگىشنى خالىمىغان سېرۋانتېس پوپتىنمۇ باج يىغىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، چېركاۋدىكىلەرنى رەنجىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، كاتولىك دىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئويدۇرۇپ چىقارغان جىنايەتلەر بىلەن ئون يىلدىن كۆپرەك تۈرمىگە قامالغان. ياۋروپادا ئەڭ بالدۇر مەيدانغا كەلگەن رېئالىزملىق مەشھۇر ئەسەر «دونكىخوت» رومانىنىڭ دەسلەپكى بابلىرىنى تۈرمىدە يېزىشقا باشلىغان. سېرۋانتېس60 قا يېقىنلىشىپ قالغاندا يازغان «دونكىخوت»نىڭ بىرىنچى قىسمى (1605)نەشردىن چىقىشى بىلەنلا زور ئالقىشقا ئېرىشىپ، قىسقىغىنە ۋاقىتتا سېتىلىپ بولغان، شۇ يىلى ئارقا - ئارقىدىن تۆت قېتىم نەشر قىلىنىپ، ياۋروپادىكى بىر نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن سېرۋانتېس بىر مەجرۇھ ئەسكەردىن ئۇلۇغ يازغۇچىغا ئايلانغان. «دونكىخوت» رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى سېرۋانتېس ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك ئىسپانىيەدە تارقالغان رىتسارلار(چەۋەندازلار) ئەدەبىياتىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلغان، رىتسارلىق تۈزۈمىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن. روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ سانى 700 گە يەتكەن، سېرۋانتېسنىڭ قەلىمى بىلەن يارىتىلغان دونكىخوت دېگەن بۇ ئۆلمەس ئوبراز دۇنياغا مەشھۇر بەدىئىي تىپ بولۇپ، نەچچە ئەسىردىن بۇيان كىشىلەر قەلبىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ھازىر بۇ رومان 100 خىلدىن كۆپرەك تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇلماقتا. سېرۋانتېسنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن يەنە «پەند - نەسىھەت ھېكايىلىرى» ناملىق توپلىمى(1613)، «بالناسقا ساياھەت» ناملىق داستانى(1614) ، «سەككىز كومېدىيە ۋە سەككىز قىستۇرما تىياتىر» توپلىمى (1615)نەشر قىلىنغان. 1616 - يىلى تولىمۇ ئىرادىلىك بۇ يازغۇچى داۋالاش قىيىن بولغان سۇلۇق ئىششىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رومانى «بېشلىس بىلەن سىگىسموندانىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى»نى چىشلەپ يېزىپ پۈتتۈرۈپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا مادرىدتا ئالەمدىن ئۆتكەن. كاتولىك دىنى چېركاۋلىرى سېرۋانتېسقا ئىنتايىن ئۆچ بولغاچقا، ئۇنىڭ قەبرىسىگە قەبرە تېشى ئورنىتىشقا يول قويمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ قەبرىسى بۈگۈنگىچە تېپىلمىغان. ئەمما بۇ ئۇلۇغ يازغۇچى «دونكىخوت» رومانى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان ئابىدە تىكلىگەن. سېرۋانتېس ۋاپات بولۇپ 200 يىلدىن كېيىن مادرىدتا ئۇنىڭ نامىغا خاتىرە مۇنارى ئورنىتىلغان.

(3) ھېنرىخ ھېينې: (1856 - 1797) گېرمانىيەنىڭ 19 - ئەسىردىكى مۇنەۋۋەر شائىرى، سىياسىيونى ۋە مۇتەپەككۇرى. گېرمانىيەنىڭ رېين دەرياسى بويىدىكى دىيۇسسېلدوروف شەھىرىدە يەھۇدىي سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە دۇكاندا شاگىرت بولغان. 1819 - يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1825 - يىلى قانۇنشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھېينىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا لىرىك شېئىرلارنى يېزىشتىن باشلانغان. ئۇ خەلق قوشاقلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆز شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرغان. ئۇنىڭ 1827 - يىلى نەشر قىلىنغان «ناخشىلار توپلىمى» دۆلەت ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ھېينې 1824 - يىلى گېيوتتىنگېندىن خارتىس تېغىغىچە پىيادە ساياھەت قىلىپ «خارتىس تېغىغا ساياھەت»، «ميۇنخېندىن گېنوياغىچە قىلىنغان ساياھەت» قاتارلىق تۆت پارچە مەشھۇر ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان. 1830 - يىلدىكى فرانسىيە ئىيۇل ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن «مەدھىيە» ناملىق شېئىرنى يازغان. ئەركىنلىكنى جان دىل بىلەن سۆيىدىغان شائىر ئۆز ۋەتىنىدە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ تۆھمىتى، زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، 1831 - يىلى پارىژغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. پارىژدا تۇرغان مەزگىلدە ۋىكتور ھيۇگو، بالزاك قاتارلىق تە-

www.uyghurkitap.com

رەققىيپەرۋەر زىيالىيلار بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ ماركس بىلەن تونۇشۇشى ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتە يەنىمۇ يۈكسىلىشى ۋە ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئىجادىيەتتە تېخىمۇ يۈكسىلىپ، «رومانتىكلار ھەققىدە» (1832 – 1834)، «گېرمانىيەنىڭ دىن ۋە پەلسەپە تارىخى ھەققىدە» (1833)ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يازغان. 1835 ـ يىلى گېرمانىيە فېدىراتىپ پالاتاسى ھېينى ئەسەرلىرىنىڭ گېرمانىيەدە نەشر قىلىنىشىنى چەكلىگەن. 1843 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ھېينې 13 يىللىق قاچقۇنلۇق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، گېرمانىيەگە قايتىپ كېلىپ كېسەل ياتقان ئاپىسى ۋە سىڭىللىرىنى يوقلىغان. ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرىگە ئاساسەن 27 بابلىق «گېرمانىيە ـــ بىر قىش ھەققىدە چۆچەك» (1844) ناملىق مەشھۇر داستانىنى يازغان. 1844 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سىلېزىيە شەھىرىدىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، «سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئەزگۈچىلەرگە بولغان قەھر ـ غەزىپى ۋە كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھېينىنىڭ سالامەتلىكى ياش ۋاقتىدىلا ياخشى بولمىغاچقا 1845 ـ يىلدىن كېيىن سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ، 1848 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ، كۆزىمۇ كۆرمەس ھالغا چۈشۈپ قالغان. 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلابنىڭ مەغلۇب بولۇشى، بولۇپمۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ھېينىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرسە، كېسەللىك ئازابىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قىينىشى ئۇنى ئازابلاپ، ئىجادىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر يەتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى سەككىز يىل مابەينىدە ئۇ تۆشەكتە يېتىپ، ئىككى كۆزىنىڭ نۇرى ئۆچەي دەپ قالسىمۇ، ئىجادىيىتىنى توختاتمىغان. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدىكى چىدام ـ غەيرەت بىلەن باشقىلارغا ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق، «ئېپىك شېئىرلار»نىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە «ئەسلىمىلەر»نى تاماملىغان. بۇ مەزگىلدە قوشاق شەكلىدىكى ۋەكىللىك شېئىرلار توپلىمى «رومانسارىرو» (1851)نەشر قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئىقرار» (1853)، «‹رۇتاچىيا›نىڭ فىرانسۇزچە نۇسخىسىغا كىرىش سۆز» (1855) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(4) گېوسوئې كاردۇكى: (1835 – 1907) ئىتالىيەنىڭ مەشھۇر شائىرى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى. ئىتالىيەنىڭ ۋېرسىلىيە رايونىدا دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا قەدىمكى رىم كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ھەم ئەينى دەۋردىكى رومانتىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇغان. 15 يېشىدا فلورىنسىيەگە بېرىپ ئوقۇغان، تۆت يىلدىن كېيىن پىسا پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن.



ئىككى يىلدىن كېيىن رېتسارلار شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە تەكلىپ بىلەن ئوقۇتقۇچى بولغان ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. كاردۇكى شېئىرلىرىدا جۇمھۇرىيەت ئىدىيەسىنى ئىپادىلەپ، مىللىي ئازادلىق ئىدىيەسىنى مەدھىيەلىگەنلىكتىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە گۇمان پەيدا قىلىپ، مەكتەپتىن مەجبۇرىي ئايرىلغان. مۇشۇ پەيتتە دادىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى، ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشىغا ئوخشاش بەختسىزلىكلەر بىلەن پۈتۈن ئائىلىنى بېقىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈك ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. بىر تەرەپتىن ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەشرىيات ئورۇنلىرىدا تەھرىرلىك قىلىپ، كلاسسىك ئەسەرلەرگە ئىزاھات بېرىش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. 1860 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن بولونىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، ئىتالىيە ئەدەبىياتىغا دائىر لېكسىيەلەرنى باشقۇرغاندىن كېيىن، خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. كاردۇكىنىڭ شېئىرلىرى ھەم رېئالىزملىق ھەم رومانتىزملىق تۈسكە باي بولۇپ، ئۇ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق شېئىرلارنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن «يېڭى كلاسسىزمچى شائىر» دەپ تەرىپلەنگەن. «ياشلىق ناخشىلىرى» (1871)، «يېڭىلىك ۋە قەتئىيلىك» ناملىق توپلىمىدىكى شېئىرلىرىدا فىراد-

سىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى ئالقىشلايدىغان كۈچلۈك ھېسسىياتىنى، مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، تىنچلىققا ئىنتىزار يۈكسەك غايىسىنى ئىزھار قىلغان. «شەيتانغا مەدھىيە» (1863) ناملىق داڭلىق داستانىدا شەيتاننى «پەم بىلەن ئۆچ ئېلىش»نىڭ سىمۋولى قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىسيانكار روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان. **1870** - يىلى ئىتالىيە گۈللىنىش ھەرىكىتى پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى تىكلەش بىلەن ئاخىرلاشقاندا، كاردۇكى لىبېرالىستلارغا يېقىنلىشىپ، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىنى ياقلىغۇچىلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئوردا شائىرىغا ئايلىنىپ قالغان. **1890** - يىلى ئۇ ئىتالىيە پادىشاھ پارلامېنتىنىڭ دىپلوماتلىقىغا تەيىنلەنگەن. كاردۇكى ئاتاقلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بىلىمى چوڭقۇر، ئابرۇيلۇق ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە تىلشۇناس. ئۇ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ «ئەڭ دەسلەپكى ئىتالىيە ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات»، «ھاپىزلار ۋە ئىتالىيە شېئىرىيىتى»، «ئىتالىيە مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى» قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلىرى بار. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كاردۇكىنى كېسەل چىرمىۋالغان، كېيىن مېڭىسىگە قان چۈشۈش بىلەن ئوڭ تەرىپى پالەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بولونيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، سۆزلەش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي قالغان چاغدىلا مۇنبەردىن ئايرىلغان. گېوسۇئې كاردۇكى «چوڭقۇر بىلىمى، تەنقىدىي خاراكتېرلىك تەتقىقاتلىرى، ئەڭ مۇھىمى مەدھىيە ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەت، ئىجادىي قىياپەت، ساپ ئۇسلۇب ھەم لىرىكىلىق جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە» بولغانلىقتىن، **1906** - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، كېيىنكى يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن بولونىيەدە ۋاپات بولغان.

(5) قازى نەزرۇل ئىسلام: (1976 - 1899) ھىندىستاننىڭ ئاتاقلىق بېنگال تىللىق شائىرى. بېنگال ئىشتاتىنىڭ بۇردۋان رايونىدىكى كەنتتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى يېزىدىكى مازارنىڭ شەيخى بولۇپ، ئىسلام بالىلارنىڭ ئالتىنچىسى ئىدى. بەش بالىنىڭ تۆتى ئىسلام تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ۋاقىتسىز قازا قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن دادىسى ئۇنى «تەلەيسىز بالا» دەپ ئاتىغان. دەرۋەقە، ئىسلام سەككىز ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ مۇشەققەتلىك ھايات يولىغا قەدەم قويغان. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، ئەسەر يېزىشنى مەشىق قىلغان. **1917** - يىلى مەكتەپتىن ئايرىلىپ، كالكۇتتاغا بېرىپ بېنگال قوشۇنىغا قاتناشقان. ئۈچ يىللىق ھەربىي تۇرمۇش داۋامدا ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىدىن ۋاز كەچمىگەن ئىسلام بىر قىسىم ھېكايە - شېئىرلارنى يازغان ھەمدە ئۆمەر ھەييام، ھاپىز شىرازىنىڭ شېئىرلىرىنى بېنگال تىلىغا تەرجىمە قىلغان. **1919** - يىلى **20** يېشىدا ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئىسلام كالكۇتتاغا كېلىپ، جاھانگىرلىك، فېئوداللىزمغا قارشى دەۋر روھى ئىپادىلەنگەن داستانى «ئىسيانكار»نى ئېلان قىلىپ، «ئىسيانكار شائىر» دەپ نام ئالغان. **1922** - يىلى نەشر قىلىنغان «كۆيگەن بەرباپ» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىدا ھىندىستان خەلقىنى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن «جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇردى» دەپ ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان. كېيىنكى يىلى جازا مۇددىتى توشۇپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن داۋاملىق شېئىرنى قورال قىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش بىلەن شۇغۇللانغان. **1924** - يىلى نەشر قىلىنغان «زەھەرلىك نەي»، «ھالاكەت ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئىسلام ئۇلارغا تىز پۈكمىگەن. **20** نەچچە يىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئاجايىپ ئىجادىيەت تالانتىنى نامايان قىلغان بۇ شائىرنىڭ **40** - **50** پارچىغا يېقىن ھەر خىل ژانىردىكى توپلاملىرى نەشر قىلىنغان، ھەمدە «ئىنتېرناتسىئونال»شېئىرنى تۇنجى بولۇپ بېنگال تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەپسۇسكى، بۇ ئۇلۇغ شائىر ئىجادىيەتتە تازا مېۋە بەرگەن پەيتتە **43** يېشىدا بەختكە قارشى نېرۋا بىخۇدلۇق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەدەبىيات - سەنئەت ھاياتىدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق مۇددەت پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان. **1972** - يىلى بېنگالغا كۆچۈپ بېرىپ، تۆت يىلدىن كېيىن داككادا **77** يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(6) نىكولاي ئالېكسېيېۋىچ ئوستروۋسكىي: (1936 - 1904) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇنەۋۋەر پرولېتارىيات يازغۇچىسى. ئوكرائىنادا ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ھاراق زاۋۇتىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچىسى بولۇپ، يوقسىزلىق، ئېغىر ئەمگەك سەۋەبىدىن بالدۇرلا ۋاپات بولغان. ئوستروۋسكىي تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئون ياش ۋاقتىدا پومېشچىكلارنىڭ كالىسىنى بېقىش، پويىز ئىستانسىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىدىن مەكتەپتە پەقەت ئۈچ يىللا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالىغان ئوستروۋسكىي ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن بوشىغان ۋاقىتلاردا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پۈتۈن دەرسلىكلىرىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ بولغان. 1919 - يىلى 8 - ئايدا پىدائىي ئەسكەر سۈپىتىدە قىزىل ئارمىيەگە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپكە بارغان. كېيىنكى يىلى ئاق باندىتلارغا قارشى ئۇرۇشتا بېشى ھەم قورسىقى ئېغىر يارىلىنىپ بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان. ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ئۈچۈن تەقدىرلەنگەن، ئېغىر يارىلانغانلىقتىن ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلگەن. سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشى بىلەنلا، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، پۈتۈن كۈچىنى كوممۇنىزم ئىشلىرىغا بېغىشلاشتەك يۈكسەك ئىرادىسىنى نامايان قىلغان. 1921 - يىلى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىدا ئاچلىق، ھۆلچىلىك ۋە جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇقتا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانغا قەدەر ئېغىر ئەمگەك قىلغانلىقتىن كېزىك ھەم رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. بىر يىلدىن كېيىن تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، مەجرۇھلۇق كىنىشكىسىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، داۋالىنىشنى رەت قىلىپ داۋاملىق خىزمەت قىلغان. 1927 - يىلى پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولۇپ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن تامامەن قالغاندا، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. 1928 - يىلى ئوستروۋسكىي ئاق باندىتلار بىلەن كۈرەش قىلغان سەرگۈزەشتىسىگە ئاساسەن پرولېتارىيات قەھرىمانلىرى مەدھىيىلەنگەن «بوران باللىرى» ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان، ئەمما رومانىنىڭ ئارگىنالى پوچتىدىن ئەۋەتىش جەريانىدا يوقاپ كەتكەن. شۇ يىلى ئوستروۋسكىينىڭ سالامەتلىكى تېخىمۇ يامانلىشىپ، ئىككى كۆزى تامامەن كۆرمەس بولۇپ قالغان، ئومۇرتقىسى قېتىپ قالغان. مۇشۇنداق رەھىمسىز زەربە ئالدىدا تەقدىرگە باش ئەگمەي، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز غايەت زور چىدام ۋە قەيسەر ئىرادە بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دەسلەپتە كېرەكسىز قەغەزدىن بىر رامكا ياساپ، قولى بىلەن ھەربىر قۇرنى سىلاپ ناھايىتى تەستە خەت يازغان. بىر نەچچە يىل جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق 1933 - يىلى «پولات قانداق تاۋلاندى» ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان. رومان 1934 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى، يۈكسەك مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن. «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن 30 - يىللاردىكى سوۋېت پرولېتارىيات ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر رومانلارنىڭ بىرى. روماندىكى قەيسەر پرولېتارىيات جەڭچىسى، باش قەھرىمان پاۋېل كورچاگىننىڭ ھاياتى دەل يازغۇچىنىڭ ئۆمۈر تەسۋىرىدۇر. ئەسەر باش قەھرىمانى پاۋېل كورچاگىننىڭ يۇرتىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئېيتقان بىر ئابزاس سۆزى(مونولوگى) مىڭلىغان ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ تۇرمۇش دەستۇرىغا ئايلانغان. بۇ رومانغا ئاساسەن كىنو ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئىشلەنگەن. ئوستروۋسكىي «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىن كېيىن، يۈكسەك ئىدىيەۋىلىككە ۋە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە كۆپلىگەن پوبلىستىك ماقالىلەرنى، نۇتۇقلارنى ئېلان قىلغاندىن باشقا، 1934 - يىلى ئىككىنچى چوڭ ئەسىرى «بوران باللىرى» ناملىق رومانىنى قايتا يېزىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى تومىنى تاماملىغان. ئاپتور ئەسەرنى ئۈچ توم قىلىپ يېزىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، داۋامىنى يېزىشقا ئۆمرى يار بەرمىگەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى ئەمگىكى بىلەن تۆھپىسى ئۈچۈن 1935 - يىلى ئۇنىڭغا «لېنىن ئوردېنى» تەقدىم قىلغان. پرولېتارىياتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بۇ يازغۇچىسى 1936 - يىلى 26 - دېكابىر ئالەمدىن ئۆتكەن.

(ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

# «ھايات نىدالىرى»نى تىڭشاش

◉ ئوسمان قاۋۇل

شائىر ئابلىمىت مۇھەممەت ئەمىن بۈگۈنكى
دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ رۇبائىي ژانىرى ئۈچۈن
يېڭى تەرەققىيات يولى ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش
سۈپىتى بىلەن بىر قاتار ئېسىل رۇبائىيلارنى ئوقۇر-
مەنلەرگە تەقدىم قىلىپ، قەلبىمىزنى چەكسىز سۆيۈن-
دۈردى. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پە-
كىرلەر شۇ قەدەر ئۇيۇل، چوڭقۇر ھېكمەتلىك بو-
لۇپ، ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭدىكى مەنىۋى
قىممەتتىن تېگىشلىك نەپ ئالماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ
رۇبائىيلىرى ھايات ھېكمەتلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ بول-
ماس سىرلىرى، مۇرەككەپ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى-
نىڭ كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان مۇكەممەل ئىزتىراپ-
لىرى، گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى ئا-
جايىپ نازۇك ئىچكى باغلىنىشلار، ۋەتەن - يۇرت
سۆيەرلىك بىلەن پاك ئېتىقاد مۇناسىۋەتلىرى تولىمۇ
جايىدا ئىپادە قىلىنغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ
خىل قاراشلارنى بىز ئۇنىڭ 2010 - يىلى نەشر قى-
لىنغان «ھايات تەلقىنلىرى» ناملىق توپلىمىدىن ئېنىق
كۆرەلىگەن بولساق، بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان «ھايات
نىدالىرى» ناملىق توپلىمىدىن تېخىمۇ ئوچۇق ھېس
قىلىپ يېتەلەيمىز.

بىزدە رۇبائىيچىلىق خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە
بولۇپ، شائىرلىرىمىز مەخسۇس رۇبائىي توپلاملىرىنى
تۈزگەندە ئۇنى بىردەك «رۇبائىيات» دېگەن چىراي-
لىق نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن. كېيىنكى چاغلاردا ئاب-
دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، غەنىزات غەيۇرانى ۋە
ئۇستاز شائىر ھاجى ئەھمەد كولتېگىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ
مەخسۇس رۇبائىي توپلاملىرى بىلەن شېئىرىيەت باغ-
چىمىزنى رەڭدارلاشتۇرغاندى. مانا بۈگۈنكى كۈندە
تىنىمسىز ئىزدەنگۈچى شائىر ئابلىمىت مۇھەممەت ئە-
مىن بۇ يولنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ۋە نۇرلاندۇرۇپ،
ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچ-
تى. بىز بۇ رۇبائىيلاردىن زوقلىنىپ، ئۇنىڭدىكى تې-
رەن پىكىرلەردىن ھەيران بولۇپ، شائىرنىڭ ئىجتىھا-
تىغا، چوڭقۇر پەلسەپەۋى پىكىرلەرنى يورۇتۇشتىكى




ماھارىتىگە تەھسىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئاتاقلىق ئوبزورچى مۇھەممەت
پولات بۇ توپلامغا يازغان كىرىش سۆزىدە شائىرنىڭ ئالدىنقى توپلىمى-
دىكى رۇبائىيلىرىدىن سۆز باشلاپ كېلىپ: «ئۇنىڭ بۇ رۇبائىيلىرى كى-
تابخانغا ئالاھىدە بىر خىل ئەقلىي كەشىپ بىلەن پىكرىي ئازادلىك بې-
غىشلاپ، ئۇلارنىڭ ھايات ئىرادىسىنى تاۋلاپ غايىۋى كېلەچەككە يۈزلەن-
دۈرىدىغان ئىجادىي بەدىئىي مەزمۇنغا ئىگە» دەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇ با-
يانلار ئاپتورنىڭ بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان توپلىمىدىكى ئېسىل رۇبائىيلى-
رىغىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ بىز ئەمىن رۇبائىيلىرىدا ئىلگىرى سۈ-
رۈلگەن روھ ۋە ئىدىيەنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز ھەم ئۇنىڭغا بېرىلگەن
باھانىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

شائىر ئۆز رۇبائىيلىرىدا ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەت ھەم تەل-
پۈنۈشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش ماھارىتى ئاساسىدا، پىشقان تىل
ۋە يۇقىرى تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوت-
تۇرىغا قويىدۇ ھەم ئوقۇرمەنلەرنى گۈزەل بىر غايىۋى مەنزىلگە يېتەكلەپ
ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر رۇبائىيسىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان ھېكمەتتىن
بىز ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان ھايات قانۇنىيەتلىرىنى سېزىپ ئالالاي-
مىز. شائىر 33 -رۇبائىيسىدا:

www.uyghurkitap.com



قۇدرىتى ھېكمەتنىڭ پىرى ئەمەس سەن،
ئالەمنىڭ يېشىلمەس سىرى ئەمەس سەن.
جاھاندا تەڭداشسىز خاقان بولساڭمۇ،
مەڭگۈگە ئۆلمەسنىڭ بىرى ئەمەس سەن.

دېيىش ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتتىكى كىبىر-تەمەننانىڭ ئىنسانغا شەرەپ ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك خورلۇق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ھەر قانچە ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇ ئۆمۈرنىڭ مەڭگۈلۈك بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئۆز قەدرى - قىممىتىنى بىلىپ ھەقىقي ئىنسانىي سۈپەت بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ. 46 - رۇبائىيدا بولسا:



زەر تەشتەك ئىچرە گۈل ھامان توزارمىش،
يەكچىلىك بۇلۇتمۇ كۈننى توسارمىش.
بىر يېغى بولسىمۇ چاغلىما تۆۋەن،
ئەدناسى پاشىمۇ زەھرىن سالارمىش.

دېگەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھاياتلىقتا ھەر قانداق نەرسىنىڭ سەۋەبسىز مەۋجۇت بولمايدىغانلىقى، كىچىك زەرردىن تارتىپ ئادەتتىكى ئۆسۈملۈككىچە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ياشايدىغانلىقىنى ئېسىمىزگە سېلىپ، بىرلا دۈشمەن بولسىمۇ تۆۋەن چاغلاپ سەل قارىماسلىق كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ ھېكمەت ئاپتورنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ خېلى كەڭلىكىنى، تارىخىي، ئەمەلىي بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇرلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

رۇبائىيلاردا كۆيلەنگەن ھايات مەئىشەتلىرى، ئىنسان بېشىغا كېلىدىغان دەرد - ئەلەم، دىشۋارچىلىقلار، ئۇزاق تۇرمۇش مۇساپىسىدىكى جىمى كۆرگۈلۈكلەر ئەمىنىنىڭ تۈيغۇلىرىدا باشقىچە ھەرىكەتكە كېلىپ، كىشى سەزمىگەن نۇقتىلاردىكى ھېكمەتلەرنىڭ ئۇچقۇنلىرى ئوقۇرمەننىڭ روھىنى غىدىقلاپ تۇرىدىغان مەنزىرىنى ھېس قىلغىنىمىزدا ئاپتورغا ھەقىقەتەن قايىل بولماي تۇرالمايمىز. شائىر 96 - رۇبائىيسىدا:

نامەردكە تەختىڭنى ئۆتۈنمە، ئەي يار،
ئەگەر باش كەتسىمۇ يۈكۈنمە، ئەي يار.
مىڭ ياماق چاپاندا قالساڭمۇ مەيلى،
بايلىقىڭ ھۆرلۈكتە، ئۆكۈنمە، ئەي يار.

دەپ يېزىش ئارقىلىق كىشىلەرگە مەيلى قانچىكى غۇربەتچىلىكتە قالساڭمۇ غۇرۇرۇڭنى يوقاتما، نامەرد، خۇمسىلارغا يېقىن يولىما، بېشىڭ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ قەددىڭنى تىك تۇتۇپ، مەردلىك بىلەن ياشا دېگەننى چاقىرىق قىلىدۇ. دېمىسىمۇ ھايات دېگەن ئەنە شۇنداق مەردلەرنىڭ پىداكارلىقى بىلەن ئۆز مەنىسىنى يېيىلاپ ماڭىدۇ. تۇرمۇشتا نامەردلىكنى مىزان قىلىپ ياشىغان ئادەم بىلەن ئۆلپەتلىشىپ قالساڭ سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ماھىيىتىنى يىتتۈرۈپ قويىسەن، دېگەن مەسىلىنى ئېسىمىزگە سېلىۋاتقان شائىر بۇ رۇبائىي ئارقىلىق بىزگە ھەر قانداق ۋاقىتتا سەگەك بولۇش كېرەكلىكىنى تونۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسان كامىللىقى، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقنى ئۆزىگە مىزان قىلىپ ياشاش ئىستىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى 212 - رۇبائىيسىدا مۇنداق مىسرالارغا تىزىدۇ:

ھەر قاچان يىراق قىل نەپسى - ھاۋانى،
يۈرسەڭمۇ لاچىندەك قۇچۇپ سامانى.
پەزىلەت ئىلمىدىن ئالمىساڭ ساۋاق،
ياخشى دەپ كىم بېرۇر ساڭا باھانى.

ئادەمدە ئىلىم بولۇپ پەزىلەت بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ، يەنە كېلىپ پەزىلەت نەپسىنى يىغىش، ھاۋايۇ ھەۋەستىن يىراق تۇرۇش بىلەن بېزەلگەندە ئاندىن تېخىمۇ ئەھمىيىتىنى تاپىدۇ. شۇندىلا ھايات ھەقىقي تۈردىكى مەنىلىك ھايات بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. بۇ جەھەتتە ئاپتور ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ھايات مۇساپىسىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرى ئارقىلىق چىقارغان تۇرمۇش يەكۈنىنى ئىخچام بىر پارچە رۇبائىي ئارقىلىقلا مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن. «شائىرنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى گويا رېنتىگىن نۇرىغا ئوخشايدۇكى، ئوبيېكتلىرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە توختاپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچ - باغرىغىچە يېتىپ بارىدۇ، ھايات مۇرەككەپلىكلىرى ئالدىدا تېڭىرقاپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەردە ھاياتنىڭ بىقارارلىقى ۋە ئالەمنىڭ ئەبەدىيلىكى ھەققىدە... ئومۇمەن ئادەمنىڭ جىسمىدىن روھىيىتىگىچە، كۈندىلىك روزىغاردىن غايىۋى مەنزىلىگىچە، ھەممە - ھەممە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ» دەيدۇ تەتقىقاتچى ئابدۇللا مەتقۇربان ««ھايات تەلقىنلىرى» دىن تۇغۇلغان ئويلار» («تارىم» ژۇرنىلى 2016 - يىل 4 - سان، 140 - بەت) ناملىق ماقالىسىدە شائىرنىڭ ئالدىنقى تۈپلىمىدىكى رۇبائىيلىرىغا باھا بېرىپ. بۇ باھادىن بىز شائىرنىڭ ئومۇمىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى پاكىز ئېتىقادىنى ھەم توختىماي

ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى كۆرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ پەزىلەت
ۋە ئىجادىيەتتىكە سادىق خاراكتېرىنى بايقىۋالالايمىز. شائىر بىلەن
بىللە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تەبئىي، يېقىملىق مىجەزىدىكى دوستانە
يېقىنچىلىقنى ھېس قىلغاندەك بولىمىز. ئابدۇللا مەتقۇربان يەنە
شۇ ماقالىسىدا ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى تەرىپ-
لەپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇنىڭدىكىسى قانداقتۇر ئەمىننىڭ سۆز-
لەرنى ئاددىي ھالدىلا تىزىپ قويۇشى بىلەن بولۇپ قالغان
سۆز ئويۇنى ئەمەس، بەلكى ئەمىننىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق
ۋاقىتتا ھاياتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ،
ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى يەتكىچە تېتىپ، ئىسسىق - سوغۇقلى-
رىنى ئىزچىل كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىكى سىر - مەۋھۇملۇقلار ھەق-
قىدە چوڭقۇر باش قاتۇرۇپ ئېرىشكەن قىممەتلىك تەجرىبىسى
ۋە بۇ تەجرىبىنىڭ شېئىرىي دۇردانىلىرى، ھايات بوستانىدىن
يىغقان شېئىرىي جەۋھەرلەر». بىز بۇ سۆزلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا
شائىردىن تولىمۇ سۆيۈنىمىز ھەم ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھانىڭ
بەكمۇ جايىدا بولغانلىقىدىن خۇش بولىمىز. ئاپتور 310 - رۇبا-
ئىيسىدا ۋاقىت ۋە ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلىش لازىملىقى ھەققى-
دە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ھە يۈز يىل دېگىن، بەس، ھايات شۇنچىلىك،
ئويلىساڭ بىلىنەر ئۇ بىر كۈنچىلىك.
يالىڭاچ كېتىسەن يالىڭاچ كېلىپ،
دۇنياغا ئىشىنىپ كەتمە ئۇنچىلىك.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇنىڭدا ئاپتور ئىنسانىنىڭ دۇنياغا
كېلىش كېتىش مەسىلىسىدە ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىملى-
قىنى، ۋاقىت ھارۋىسىنىڭ ھە دېگەندە شۇ قەدەر تېز چېپىپ
ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بايلىق، پۇلدىن كې-
رىلمەي ئەلگە نەپ بېرىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆ-
مۈر مەنزىللىرىگە نەقىش چېكىش لازىملىقىنى خىتاب قىلىدۇ.
بىر قارىسا بۇ رۇبائىيدا ئۆمەر ھەييامچە قاراشلارغا يانداشقان
پىكىرلەر ياتقاندەك، يەنە بىر قارىسا شائىرنىڭ زامانىمىز مەن-
زىللىرىدىكى توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى پارلاپ تۇرغان-
دەك تۇيغۇ كىشىنىڭ يۈرىكىدە لەك ئۇرىدۇ.

رۇبائىينىڭ بىر ھېكمىتى شۇكى، ئۇنىڭدا يۈكسەك پەلسە-
پەۋى ھېكمەت، ھايات قانۇنىيەتلىرىدىن ئالغان ساۋاق ۋە كە-
شىلىك تۇرمۇش مۇساپىسىگە ماياك بولغۇچى نۇرلۇق نىشان
ئۆز ئەكسىنى تاپقان بولىدۇ. بىز «ھايات نىدالىرى»دىكى ھەر
قانداق بىر رۇبائىينى ئوقۇيلى ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭدىن ئەنە
شۇنداق تېرەن ھېكمەتنىڭ، چوڭقۇر پىكىرنىڭ ئىزناسىنى ئاڭ-
لايمىز. ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بىر رۇبائىيدىن
زوقلانغىنىمىزدا، قاچاندۇر يىتتۇرۇپ قويغان بىر مۇھىم نەر-
سىمىزنى تېپىۋالغاندەك ھاياجانغا چۆمۈلىمىز.

ئابلىمىت مۇھەممەت ئەمىن رۇبائىيلىرىنىڭ خېلى كۆپى
بىزگە ئەنە شۇنداق گۈزەل بىر جەريانى تەقدىم قىلىدۇ. بىز
ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدىن ئۆزىمىزگە كېرەكلىك دۇردانىلەرنى ھە
دېگەندە ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ھەققەت ۋە ئادالەت، مۇھەببەت
ۋە ساداقەت، ئىلىم ۋە ھېكمەت، ئېسىل پەزىلەت ۋە قاراڭغۇ
ئىللەت، يورۇق ئىستىقبال ۋە مۇشكۇل ھايات مۇساپىلىرىدە
بىزگە ئۇچرايدىغان دوقاللار بۇ رۇبائىيلارنىڭ چوڭقۇر قاتلام-
لىرىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئوقۇرمەنگە كەڭلىك
ئىچىدە چوڭقۇرلۇقنى، نۇرانە شولا ئارقىسىدا يورۇق مەنزىل-
لەرنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ھەققەتەن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن-
لىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ 337 - رۇبائىيسىدا ئۆزىنىڭ
مەردانە ئەركەكلىك خاراكتېرىنى مۇنداق جاكارلايدۇ:

مېنى غەم دەشتىدە قويساڭمۇ مەيلى،
جېنىمنى پىيازدەك سويساڭمۇ مەيلى.
تىلىمنى ھەق سۆزدىن ئايرىما زىنھار،
ئەغيارىم، كۆزۈمنى ئويساڭمۇ مەيلى.



بۇ خىلدىكى رۇبائىيلارنى ئوقۇغاندا ئادەم راستىنلا شې-
ئىرنىڭ گۈزەل سېھرىگە باشقىدىن مەستانە بولۇپ قالغاندەك
بولىدۇ. «ئەمىن ئۇن - تىنسىز ئىزدىنىۋاتقان، ئۈن - تىنسىز
ئىجاد قىلىۋاتقان، ۋۇجۇدىدا تېگىشلىك سۈپەت ۋە سالاھىيەتنى
ئاللىقاچان ھازىرلاپ بولغان بىر شائىر» (ئابدۇللا مەتقۇربان -
«تارىم» ژۇرنىلى يۇقىرىقى سان 141 - بەت) بولۇش سۈپىتى
بىلەن كىشىنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بارىدىغان ئاجايىپ رۇبا-
ئىيلارنى يازالىغان ساناقلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلى-
كىنى ئىسپاتلىدى.

رۇسلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى پۇشكىن «شائىر ئۈچۈن ھەم-
مىدىن قىممەتلىك نەرسە سەممىيەتتۇر» دەيدۇ. ئابلىمىت مۇ-

ھەممەت ئەمىندىكى سەممىي مىجەز – خۇلق ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى سەممىي تۇيغۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز يازمىلىرىدا ئەكس ئەتكەندە، بىز ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئادىمىيلىك سۈپىتى توغرىسىدا ئوي سۈرىمىز – دە، «ھەممە شائىر مۇشۇنداق بولسا نەقەدەر ياخشى ئىدى – ھە؟!» دېگەننى ئېچىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈرىمىز. بۇ ۋاقىتتا بىز شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ گۈلتاجىسى بولغان رۇبائىي ژانىرىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىك ئۈلگىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئەمىن قەلىمىگە يەنە بىر قېتىم تەھسىن ئېيتىشقا مەجبۇر بولىمىز. ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان



ھېسسىياتى بەدىلىگە ياراتقان بەدىئىي دۇنياسى ھە دېگەندە بىزنى سۆيۈندۈرۈپ ماڭىدۇ. رۇبائىيدىكى ھېسسىيات مەسىلىسىدە ئەمىننىڭ ھەققەتەن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلىگەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، شېئىرىي ھېسسىياتقا دائىر مۇنداق تەبىرنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. «شېئىر شېئىرغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ تۈپ ئاساسى ھېسسىيات. ھېسسىيات ئەزەلدىن شېئىرنىڭ جېنى، شېئىر يېزىشنىڭ بىرىنچى شەرتى، شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ ئانىسى بولۇپ كەلگەن. شېئىر ھېسسىياتتىن ئايرىلسا ھەر قانچە ئۇستىلىق بىلەن سۆز ئويناتقىلى تەقدىردىمۇ شېئىر بولالمايدۇ» (مۇھەممەت شاۋدۇن «شائىرلىق كوچىسىدا» ناملىق كىتاب 192 – بەت).

مانا بۇنىڭدىنمۇ شائىر ئەمىننىڭ رۇبائىيچىلىقىدا ھېسسىياتنىڭ رولىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ھەر بىر رۇبائىيسىدا پىكرىنىڭ ئۇيۇل بولۇشىدىن ئىبارەت پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ جۇشقۇن، مەنتىقلىق بولۇشىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. شائىر 382 – رۇبائىيسىدا:

بۇ ئالەم ھەر كىمدىن قالىدۇ ھامان،
مۇسىبەت كۆيىنى چالىدۇ ھامان.
كىشىنىڭ ياماقچە ئېلىشى بولسا،
بىر كۈنى ياقاڭدىن ئالىدۇ ھامان.

دەپ يازغان بولسا، بۇ پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ 446 – رۇبائىيسىدا مۇنداق دۇردانىلەرنى تىزىدۇ:

ئەستە تۇت، ھەر كىمنىڭ رىزقى باشقىدۇر،
ئۆز رىزقى ئۈچۈن يەڭ تۈرمەك ياخشىدۇر.
نېسۋەڭ ھالالدىن بولمىسا ئەگەر،
ھەر كۈنى غەم – تەشۋىش ساڭا ناشتىدۇر.

ئەمىندىكى بۇ خىل تەشەببۇس تارىختىن بۇيان نۇرغۇن شائىرلارنىڭ يازمىلىرى ئارقىلىق نامايان بولۇپ كەلگەن بولسا، بۇ رۇبائىيدا ئۆزگىچە تەم ۋە پۇراق بىلەن باشقىچە تەرىزدە بۇگۈنىمىزگە خاس ھالدا يورۇتۇلۇپ، ئاپتورنىڭ يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق ئىچىدە توختىماي ئىلگىرىلەش روھىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭچە نۆۋەتتە بىزدە رۇبائىيچىلىقنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە، يېڭى يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلالايدىغان مۇنەۋۋەر رۇبائىيلارنى كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە ئىككىلەنمەي ئەمىن رۇبائىيلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى دەۋرىمىز رۇبائىيچىلىقىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە خېلى ئوبدان ياندىشالايدۇ.

بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر تەرەپ شۇكى، ئەمىن رۇبائىيلىرىنىڭ تىلى شۇ قەدەر پىشقان، يەڭگىل، لىرىك ھەم تولىمۇ ئاممىباب. كۆزىتىشىمچە شائىرنىڭ تەپەككۇرى، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە تىلغا ئېتىبار بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ بىر تىل سەنئىتى كارى ئىكەنلىكىنى ھەر دەم يادىدا تۇتقان شائىر ھەر بىر رۇبائىيسىنى شۇنداق راۋان، مەنتىقلىق، پەلسەپەۋىيلىك تۇيغۇلارغا تولغان ھالدا يېزىپ چىققان.

لىف. تولستوينىڭ بىر دوستىغا مۇنداق بىر سۆزى ئېسىمىدىن چىقمايدۇ: «ئەگەر مەن پادىشاھ بولغان بولسام، ئۆزى ئىشلەتكەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان يازغۇچى يېزىقچىلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنسۇن ۋە 100 پالاق ئۇرۇلسۇن، دەپ پەرمان چىقارغان بولاتتىم.» مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شائىر ئەمىننىڭ رۇبائىيلىرىدا چۈشىنىكسىز، مۇجمەل تىل ئىشلىتىلمىگەن، بەلكى ئۇنىڭ تىلى پۈتۈنلەي خەلقنىڭ يېقىملىق، ئاددىي، گۈزەل تىلىدىن تەركىب تاپقان.

شائىر 498 – رۇبائىيسىدا:

سوقسىمۇ يۈرىكىڭ دەردتە بىتىنىم،
بەزىدە تەسەللى بەرمەيدۇ ھېچكىم.

كۆرسەتمە ئۆزگىگە كۆز ياشلىرىڭنى،
ساڭىمۇ ياخشى كۈن باردۇر، دىلكەشىم.

دېگەن ۋاقىتدا ئوقۇرمەننىڭ يۈرىكى بىر مېھرلىك تەسەللىنىڭ شاراپىتىدىن شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەزگۈ ئاخىرقى مىسرادىكى «دىلكەشىم» دېگەن سۆزدە ئاجايىپ جايىغا چۈشكەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ تىل ماھارىتىگە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتقۇزىدۇ. يەنە 510 ـ رۇبائىيغا نەزەر ئاغدۇرايلى:

بەزىلەر يامانغا خويمۇ خۇش پېچىم،
ياۋاشنى بابلاشتا بار دەيدۇ ئېپىم.
بۆك دېسە باشنىمۇ قوشۇپ ئالىدۇ،
ياراتما بۇنىڭدەك ئىنسانىنى، رەببىم.

بۇنىڭدا شائىرنىڭ يېنىك، چۈشىنىشلىك، گۈزەل تىلى خەلق ئارىسىدا ئاللىقاچان ئىدىيومغا ئايلىنىپ كەتكەن «بۆكنى ئەكەل دېسە، بېشىنىمۇ قوشۇپ ئەكەپتۇ» دېگەن مەزمۇن تولىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگىل (1770 - 1831): «شېئىر ئەڭ يۇقىرى سەنئەت، سەنئەتنىڭ سەنئىتى، يەنى سەنئەتنىڭ ماھىيىتى» دەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەمىن رۇبائىيلىرىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى بىز ھەقىقىي سەنئەتلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، شېئىرنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەن ئەسەرلەر دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدا قۇرۇق ۋەز، مەززىسىز، كونا پىكىرلەر ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇكى، ھەر بىر رۇبائىيسىدىن بىر يېڭى مەزمۇننىڭ شولىسى جۇلالاپ تۇرىدۇ. كىشى «ھايات نىدالىرى»نى ئىچكىرىلەپ ئوقۇغانچە ئىچىگە شۇڭغۇپ، ئۇنىڭدىن سۈزۈك، پەلسەپىۋى پىكىرلەر جەۋھىرىنى سۈزۈشكە ئۈندەپ تۇرىدۇ. شائىر 531 ـ رۇبائىيسىدا بىزگە مۇنداق سوئال تاشلايدۇ:

ساڭا دىل بەرگەننى ئۇنۇتتۇڭ، قاچان؟
ئەقىدە گۈلىنى قۇرۇتتۇڭ، قاچان؟
ئېيتقىنا، ئۆمرۈڭدە شەپقەت نۇرىدىن،
كىملەرنىڭ كۆڭلىنى يورۇتتۇڭ، قاچان؟

رۇبائىي ژانىرى مىڭ يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق، بوران ـ چاپقۇنلاردىن ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا شېئىر مۇخلىسلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ۋاقىتتا ئارىمىزدىن مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىدىيەلەرنى ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بىر شائىرنىڭ چىقىشى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزنىڭ بىر ئامىتى بولۇپ، ئۇنى چىن دىلىمىزدىن قۇتلۇقلاشقا، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشكە تامامەن ئەرزىيدۇ. قاراپ باقىدىغان بولساق دۇنيادا ئۆزگەرمىگەن ھېچقانداق نەرسە يوق، مەيلى تەبىئەت، مەيلى روھ، مەيلى ئىنسان خىسلىتى ياكى دۇنيا ھېكمىتى، ھەممىسىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدۇ. پەقەت ئادەمنىڭ گۈزەللىككە، ئەزگۈلۈككە، مېھىر ـ مۇھەببەتكە، ياخشىلىققا، ئۈمىدۋارلىققا بولغان ئىنتىلىشلىرىلا ئۆزگەرمىگەن دېيىشكە توغرا كەلسىمۇ ئۇنىڭدا يەنە بىزگە مەلۇم بولمىغان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن كۆرۈنمەس يېڭىلىقلار، ئەسلىنى ئۇنتۇشلار بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ رۇبائىيچىلىق ژانىرى بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان ياكى رۇبائىيغا مەتبۇئاتلىرىمىز دېگەندەك ئېتىبار بەرمەيۋاتقان شارائىتتا، «ھايات نىدالىرى»دەك مۇنداق مۇنەۋۋەر رۇبائىيلار توپلىمىنىڭ روياپقا چىقىشى ھەقىقەتەن ياخشى ئىش بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ خىل بايان قىلىش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلغان قىممەتلىك تۆھپە بولالىدى. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىر ئابلىمىت مۇھەممەت ئەمىن رۇبائىيلىرىدىكى مەزمۇن كەڭلىكى ھەم ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇق بىزنى ھە دېگەندە ئەنە شۇنداق تېگىگە يەتكىلى بولماس مۇلاھىزىلەرگە ھامىلدار قىلغانلىقى بىلەن قىممەتلىك بولسا كېرەك.



خۇلاسە كالام شۇكى، شائىر ئابلىمىت مۇھەممەت ئەمىننىڭ «ھايات نىدالىرى» ناملىق توپلىمى ئۆزىدىكى مەزمۇننىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇكسەكلىكى، تىلىنىڭ مۇكەممەل ۋە گۈزەللىكى، يورۇتقان پىكىرلىرىنىڭ يېڭى، جۇشقۇن، مەنتىلىق ھەم ئىلغارلىقى بىلەن بۈگۈنكى زامان رۇبائىيچىلىقىمىزنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇشقا تامامەن مۇناسىپتۇر.

(ئاپتور: «مايبۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

uyghurkitap.com



# چىرا ئانارى

● ئابدۇللا سۇلايمان

يەر ـ زېمىن يېشىللىققا پۈركەنگەن ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى شەنبىسى بوۋام بىلەن «ئانار چېچىكى سەيلىسى»گە باردىم. بۇ يۇرتىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نورۇزلۇق «ئۆرۈك چېچەكى سەيلىسى»دىن ئىككى ئاي كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر ئېلىشنى، يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش — كۆرەك قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئاممۋى يەرمەنكە پائالىيىتى ئىدى. بىز مەھەللىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى گۈل ـ چېچەكلەردىن ياسالغان زىننەت دەرۋازىسىدىن ئۆتتۇق. ھەر تەرەپكە سوزۇلغان ئاسفالىت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېچىلغان تۈرلۈك يايمىلار، يېمەك ـ ئىچمەك لاپاسلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئارىلىدۇق. يولنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىكى سىمونتلانغان ئېرىق ئايرىپ تۇرغان ئېتىز ـ قىرلاردىكى تۇتاش كەتكەن ئانار دەرەخلىرىنىڭ قىپقىزىل چېچەكلىرى بىلەن، ۋاقىتلىق سەيلە مەركىزى قىلىنغان يوللاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئادەم دېڭىزى قوشۇلۇپ، رەڭمۇرەڭ چېچەك دۇنياسىنى ھاسىل قىلغانىدى. مەن بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن زوقلىنىپ، بوۋامغا ئەگىشىپ يانىدىكى كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئېتىزلىق قىرىدا توختىدىم. كۆز ئالدىمىزدا باشاق چىقارغان بۇغدايلىق ۋە تۇتاش چېچەكلىگەن ئانار دەرەخلىرى نامايان بولدى. بوۋام ئېتىز قىرلىرىدا غۇچچىدە چېچەكلىگەن باراقسان ئانارلىقنى كۆرسىتىپ، مېنىڭ ئانار توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىمغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى.

چىرا — ئانار ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە يۇرتلارنىڭ بىرى. ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك چىرا خەلقى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا بۇ يۇرتنىڭ تۇپراق، سۇ، كىلىمات قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئانار قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ كەلگەن، تۇتاش كەتكەن ئانارلىق باغلارنى بەرپا قىلغان.

كىشىلەر ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئانار تاتلىق، شەربەتلىك، كۆرۈنۈشى چىرايلىق مېۋە ئىكەن. ئۇ ئەمەل ـ مەنسەپ تەما قىلماي، ئاددىي ياشاشنى، ئېگىلگەنگە ئېگىلىپ تازىم قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىكەن. ئىگەم ئۇنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىللىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ جەننەتتىن چىققان بارلىق مېۋىلەرنىڭ سۇلتانى بولۇشنى ئەمر قىپتۇ، شۇڭا تەمە قىلمىسىمۇ مەنسەپ نېسىپ بولغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى دائىم قىزىرىپ تۇرىدىكەن». بۇ رىۋايەتتە، ئانار دەرىخىنىڭ خۇسۇسىيىتى، مېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوبرازلىق، ئىخچام تەسۋىرلەنگەن.

چىرالىقلار ئەزەلدىن ئانار دەرىخى ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئانارنىڭ چېچىكى ۋە مېۋىسىنى قەدىرلەيدۇ، تەرىپلەيدۇ. ئانارنىڭ گۈلى ۋە مېۋىسى چىرا خەلقىنىڭ قەلبىگە، ئوتلۇق مۇھەببىتىگە، جاپالىق ئەجىر ـ تۆھپىسىگە سىمۋول قىلىنغان. ئۇلار كۈز كۈنلىرى ئانارنى بەرگىسى بىلەن ئۈزۈپ، تەكچە ـ تاۋىدانلارغا تىزىپ، تام ـ تورۇسلارغا ئېسىپ، ئۆيلىرىنى زىننەتلەپ ئادەتلەنگەن. ئانار گۈلى خەلقىمىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېسىل گۈللەرنىڭ بىرى بولغاچقا، كىشىلەر دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئوماق قىزلىرىغا «ئانارگۈل»، «ئانارخان»، «گۈلئانار»، «گۈلنار» دېگەندەك ئىسىملارنى قويىدىغان. داڭلىق خوتەن گىلەمىنىڭ «ئانارگۈل» نۇسخىلىق تۈرى كۆركەم، رەڭدار، نەپىس بولۇپ، ئالاھىدە خېرىدارلىق. ئانارنىڭ گۈلى ۋە مېۋىسىگە تەقلىد قىلىپ توقۇلغان كەشتىلەر، سىزىلغان بەدىئىي سۈرەتلەر كىشىلەرنىڭ زوق ـ شوقىنى قوزغاپ، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ كەلمەكتە. خەلق قوشاقلىرى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئانار ۋە ئانار گۈلىگە تەڭداش تەسۋىرلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. 80 ـ يىللاردا چىرادا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ ناھىيە تەرىپىدىن چىقىرىلغان ۋە ھازىرمۇ قوش ئايلىق قىلىپ نەشر قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ نامىمۇ «ئانار چېچەكلىرى» دەپ قويۇلغان.

دەرۋەقە، «چىرا ئانارى» كۆرۈنۈشىنىڭ كۆركەملىكى، رەڭدارلىقى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، سورتىنىڭ سەرخىللىقى، شىپالىق ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق. «چىرا ئانارى» تىلغا ئېلىنسىلا، ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا «ئانار ماكانى» دەپ نام ئالغان توپا كەنتى نامايان بولىدۇ.

«چىرا ئانارى» چىرا يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى توپا، توپا ئېرىق، كاڭكال، باشئۇجمە قاتارلىق تۆت كەنتتە نۇقتىلىق ئۆستۈرۈلگەندىن باشقا، چىرا بازىرى ۋە چىرا يېزىسىنىڭ كۆپلىگەن كەنتلىرىدىمۇ تارقاق ھالەتتە ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ جايلار-

نىڭ تۇپرىقى قۇمساڭ ئەت تۇپراق بولۇپ، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق ۋە تاشلىق قورشاپ تۇرغان بۇ بوستانلىقتا ياز، كۈز پەسىللىرىدە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، شامال ئۆتۈشۈشى ياخشى، تەبىئىي شارائىتى ئانار ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ مۇۋاپىق.

ئانار دەرىخىنىڭ قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك. قۇم - بورانىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، مېۋىسى ئاسان تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ. سۇنى ئاز تەلەپ قىلىدۇ، ئاساسەن ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە ئۈچ - تۆت قېتىم سۇغۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ، كۈز پەسلىدە سۇغىرىش كونترول قىلىنسا، قىش پەسلى كىرىش ئالدىدا شۇ يىلقى يېڭى شاخلىرىنى چاتاپ، تۇجۇپىلەپ كۆمۈپ، ئەتىياز پەسلىدە ئېچىپ، شاخلىرىنى قەۋەتلەرگە ئايرىپ تاراپ تىرەك قويۇلسا، ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

«چىرا ئانارى»نىڭ مەھسۇلات بېرىشى ئاساسەن مۇقىم، بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، ئۆمرى ئۇزۇن، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە قەنت، كاربون - سۇ بىرىكمىسى، ئالما كىسلاتاسى، ماي، ئاقسىل، ۋىتامىنC، لىمون كىسلاتاسى ۋە مەلۇم نىسبەتتە تۆمۈر ماددىسى بار. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئانارنىڭ مېۋىسى، پوستى، ئۇرۇقى، چېچىكى، خەمكى شىپالىق دورا سۈپىتىدە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. ئانار مېۋىسىدىن ئانار شەربىتى، چېچىكىدىن ئانار گۈلقەنتى ياسىلىدۇ. ئانار شەربىتى ئىسسىق بولۇپ، تال، يۈرەك، ئاشقازان، يەلتاشما كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. كۆكۈل ئاينىشىنى، ئۇسسۇزلۇقنى، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئانار گۈلقەنتى (مۇراببىسى) ئاشقازان، يۈرەك كېسەللىرىگە شىپا بولىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

ئادەتتە ئانارنىڭ مېۋىسى ئىستېمال قىلىنسا ياكى سىقىپ سۈيىنى ئىچسە، ئورگانىزمنى قۇۋۋەتلەپ قانى كۆپەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئانار مېۋىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئىچىملىكلەر ئېلىمىز ۋە خەلقئارا بازارلاردا ناھايىتى داڭلىق. ئۇ سەرخىل ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەرگە ئوخشاش ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن، بازىرى ئىتتىك مېۋىلەرنىڭ بىرى. ئانار پوستى بوياقچىلىق، كۆن - خۇرۇم سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى. ئانار پوستىدا يەرلىك ئۇسۇلدا بويالغان رەختلەرنىڭ رەڭگى ئۆڭمەيدۇ.

«چىرا ئانارى» ئومۇمەن تاتلىق ئانار ۋە ئاچچىق ئانار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ناخۇش (تەلۋە) ئانارنى تەمى، خۇسۇسىيىتى ۋە تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئاساسەن ئاچچىق ئانار تۈرىگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) تاتلىق ئانار: دەرەخ شەكلى ئوتتۇراھال، غول - شاخلىق ياتما ھالەتتە ئۆستۈرۈلىدۇ، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە چېچەك مەزگىلى بولۇپ، مېۋىسى 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. ناچار مۇھىت ۋە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بۇ سورت چىرا ئانارىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ سورتنىڭ پوستى نېپىز، دېنى قىزىل، تەمى تاتلىق ۋە شېرىن، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، خۇسۇسىيىتى مۆتىدىلغا مايىل سوغۇق.

2) ئاچچىق ئانار: دەرەخ شەكلى باراقسان، ياتما ھالەتتە ئۆستۈرۈلىدۇ، 5 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە چېچەك مەزگىلى بولۇپ، مېۋىسى 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. ناچار مۇھىتقا ۋە قورغاقچىلىققا چىداملىق، مۇقىم ھوسۇللۇق، مېۋىسى يۇمىلاق. بۇ سورتنىڭ چىرا ئانارى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز بولۇپ، شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتىگە قاراپ تاتلىق ئاناردىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ دانىسى چوڭ، پوستى قېلىن، ئۇرۇقى چوڭ، تەمى ئاچچىق، شەربىتى كۆپ، خۇسۇسىيىتى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

«چىرا ئانارى» يەرلىك خەلقلا ئەمەس، ھەر مىللەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان، ئىستېمالى كەڭ، بازىرى ياخشى، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ئېسىل مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، باھاسىمۇ يىلدىن - يىلغا ئۆرلەپ بارماقتا. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا بىر كىلو ئانارنىڭ بازاردا سېتىلىش باھاسى بىر - ئىككى يۈەن ئىدى. 2010 - يىلى بىر كىلو ئانارنىڭ سېتىلىش باھاسى ئالتە - يەتتە يۈەنگە يېتىپ، 90 - يىللارغا سېلىشتۇرغاندا بەش - ئالتە ھەسسە ئۆرلىدى. ھازىر 15 يۈەندىن 20 يۈەنگە قەدەر بولماقتا.

چىرا ناھىيەسىدە 10 مىڭ مولۇق ئانارلىق بازىسى تۈر قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان يىللاردىن بۇيان ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئانار ئىشلەپچىقىرىشقا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانلارنى تېخنىكا، مەبلەغ ئارقىلىق قوللىدى. ئانارلىق باغ بىنا قىلغان، كېڭەيتكەن ياكى ئانارلىق باغلارنى ھۆددىگە ئالغان دېھقانلارنىڭ كىرىمىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 2015 - يىلغىچە بۇ ناھىيەنىڭ ئانارلىق كۆلىمى 16 مىڭ 106 موغا، ئانار مەھسۇلاتى 650 توننىغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتكەندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئانارچىلىقنى ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇرۇش، چاتاش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، كۆمۈش ۋە ئېچىش قاتارلىق پەرۋىش ئىشلىرى تېخنىكا تەلىپى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭ مېۋە سۈپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئانارچىلىق چىرا خەلقىنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناماقتا. بۈگۈنكى «ئانار چېچىكى سەيلىسى»مۇ مۇشۇ يولدا بېسىلغان خاسىيەتلىك قەدەملەرنىڭ بىرى.

مەن بوۋامنىڭ «چىرا ئانارى» توغرىسىدىكى بۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ تولىمۇ سۆيۈندۈم. يۇرتىمىزنىڭ بۇ داڭلىق مەھسۇلاتىنىڭ خاسىيىتىنى يېڭىباشتىن تونۇدۇم. ئانار يۇرتىنىڭ ئوغلى بولغانلىقىمدىن ئىپتىخارلاندىم.

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقى

قەھرىتان قىشتا بوستۇن مەركىزى باغچىسىدىكى دەرەخكە قولاقچا، پەلەي، يۇڭ كىيىملەرنىڭ ئېسىپ قويۇلۇپ، بىر باغاقچىغا «ئەگەر سوغۇقتا توڭلاپ كەتسىڭىز، خالىغانچە ئىسسىنىڭ» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە كۈندە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم مېنى تېخىمۇ ئىشەندۈردىكى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ گۈزەل سوۋغات ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقى ئىكەن.

ئىلگىرى دوستۇم بىر ھېكايە يازغانىدى، باش پېرسوناژنىڭ ئىسمى مارى جىن بولۇپ، ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى تىببىي ئىنستىتۇتى ئېرسىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ ئايال پروفېسسورى ئىدى.

1981 - يىلى ئۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بېركلى تارماق مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقاندا يولدىشى بىر ئاسپىرانتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقتىن، ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇ كىچىككىنە بالىسى بىلەن قالىدۇ، ئەتىسى ئۇ ئادەتتىكىدەكلا دەرس ئۆتىدۇ، دەرس ئۆتۈپ بولغاندا فاكۇلتېت مۇدىرى ئۇنى چاقىرىپ، بۇ يەردە ئۆمۈرلۈك ئىشلەش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، ئارقىدىنلا ئۆيىدىكى ھەممە نەرسە ئوغرىلىنىدۇ، بۇ بىر قاتار كەچۈرمىشلەردىن كېيىن، ئۇ ياخشى ئانا بولۇش بىلەن ئۆز كەسپىنى ياخشى قىلىش ئارىسىدا تەڭقىسلىقتا قالىدۇ.

ئۇ ۋاشىنگتوندىكى بىر تەتقىقات مەبلىغى يىغىنىنىڭ يۈز تۇرا ئىمتىھانىغا قاتنىشىشى كېرەك ئىدى، لېكىن قىزىغا كىم قاراپ تۇرىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم مەسىلىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ ئامالسىز ئانىسىنى چىكاگودىن سان فرانسىسكوغا چاقىرىدۇ. ئانىسى ئايرودۇرومدىن ئۆيىگە قايتىقچە، بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالىدۇ ھەمدە:

— بالا بىلەن كارىڭ بولماي، يىغىنغا قانداق بارىسەن؟ مەن ئېمىلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايمەن، بالىغا ئۆزۈڭ قارا، — دەيدۇ.

مارى جىن ئامالسىز يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىغا تېلېفون قىلىپ، يىغىنغا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى:

— ئېمىلىنى يىغىنغا بىللە ئەكېلىڭ، ئۇ مېنىڭدىن يېتىرقىمايدۇ، ئۇنىڭغا مەن قاراپ تۇراي، ھازىرلا ئېمىلى بىلەن ئاپىڭىزغا ئايروپىلان بېلىتى زاكاز قىلىپ قوياي، — دەيدۇ.

ئەتىسى سەھەردە مارى جىن ئانىسى بىلەن قىزىنى ئېلىپ سان فرانسىسكو ئايرودۇرومىغا ماڭىدۇ، ئۇ ئاۋۋال ئانىسىنى چىكاگوغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا سېلىپ قويۇشى، ئاندىن قىزى بىلەن شەرقىي دېڭىز بويىغا قاراپ ئۇچۇشى كېرەك ئىدى، ئۇ كۈنى ئايرودۇرومغا بارىدىغان يول ناھايىتى قىستاڭ بولغانلىقتىن، ئەسلىدىكى 45 مىنۇتلۇق يول ئىككى سائەتكە سوزۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇلار چىقىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىغا كۆپ ۋاقىت قالمىغان بولۇپ، ئۇ قىزىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن يەنە ئۆچىرەتتە تۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئۇ:

— ئېمىلى، سىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن مومىڭىزنى ئۇزىتىپ قويۇپ كېلەي، — دەيدۇ. ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ:

— سەن بالىنى بۇ يەردە قانداقمۇ يالغۇز قويالايسەن؟ — دەپ قايناپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىر ئەر كىشى:

— ياخشىمۇسىز ئېمىلى، مېنىڭ ئىسمىم جورج... مەن بار، ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دەيدۇ.

ئېمىلى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشقاچ «مەن ئېمىلى» دەيدۇ، مارى جىن ئانىسىنى ئۇزىتىپ بولۇپ، ئېمىلى بىلەن جورجنىڭ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ بولغاندا، مارى جىن جورجغا رەھمەت ئېيتىدۇ، جورج ھەربىيچە سالام بېرىپ كېتىپ قالىدۇ.

مارى جىن ئايروپىلانغا دەل ۋاقتىدا چىقىدۇ، ئۇنىڭ يۈز تۇرا ئىمتىھانىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ تەتقىقات مەبلىغىگە ئېرىشىدۇ، بۇ مەبلەغ بىلەن ئۇ سۈت بېزى راكى ئېرسىيىتىنىڭ گېن تۈرىنى بايقايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن تىببىي ساھەدىكىلەر سۈت بېزى راكىنىڭ ئېرسىيەت قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر جورجدەك ياخشى ئادەمنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ سۈت بېزى راكى ھەققىدىكى ھازىرقى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى.

(«ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2016 - يىللىق 8 - سانىدىن ھەسەنجان باۋۇدۇن تەرجىمىسى)

(تەرجىمان: مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2014 - يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كەسپى ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر: ئابلابەردى مجىت
ئېلخەت: yezuzi@163.com



# تەپەككۇر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ

سەھەرلىق ئىككى كىشى چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقەت قىلماقچى بوپتۇ. بىرى ۋاشىنگتونغا بارىدىغان پويىز بېلىتى سېتىۋاپتۇ، يەنە بىرى نيۇيوركقا بېرىشنى تاللاپتۇ. ئىككى كىشى پويىز ساقلاش ئورنىدا پويىز ساقلاۋېتىپ، بىر چەتتە تۇرغان كىشىلەرنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بەزىلەر: «نيۇيوركلۇقلار تولىمۇ چېچەن، سىرتتىن كەلگەنلەر يول سورىسىمۇ ھەق ئالىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ۋاشىنگتونلۇقلار تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، مۇساپىرلارنى كۆرسە پۇل بېرىپلا قالماي يەنە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ» دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆزگىرىش پەيدا بوپتۇ. نيۇيوركقا بارماقچى بولغان كىشى: «يەنىلا ۋاشىنگتونغا بارغان ياخشىدەك تۇرىدۇ، كېيىنچە تەس كۈنگە قالغان ھالەتتىمۇ، ئاچ - يالىڭاچ قالمىغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ۋاشىنگتونغا بارماقچى بولغان كىشى: «يەنىلا نيۇيوركقا باراي! يول سورىغانغىمۇ پۇل تۆلىسە، بېيىش پۇرسىتى كۆپكەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ئوي - خىياللىرىنى ئېيتىشقاندىن كېيىن، پويىز بېلەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، مەنزىلىنىمۇ ئۆزگەرتىپتۇ.

ۋاشىنگتونغا بارغان كىشى بۇ يەرنىڭ تولىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ: «ھېچ ئىش قىلمىساممۇ، قورساق ئاچ قالمايدىكەن، بانكا، پوچتىخانىلاردىكى سۇلاردىن خالىغانچە ئىچكىلى، سودا - سارايلاردىكى قارشى ئېلىپ، تېتىشقا قويۇلغان بولكىلارنىمۇ ھەقسىز ئىستېمال قىلغىلى بولىدىكەن، تېخى كىشىلەر سېنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىغىنىڭنى كۆرسە، ئاشخانىلارغا ئاپىرىپ غىزالاندۇرىدىكەن.» ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ چاغدا، پويىز ساقلاش ئۆيىدە، بېلىتىنى ۋاشىنگتونغا بارىدىغان پويىز بېلىتىگە ئالماشتۇرغانلىقىدىن چەكسىز مەمنۇنلۇق ھېس قىپتۇ.

نيۇيوركقا بارغان كىشى نيۇيوركنىڭ دەرۋەقە بىر سودا پۇرسىتىگە تولغان جاي ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ: «يول كۆرسىتىپ قويسىمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىكەن. داس ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قولىغا سوغۇق سۇ بېرىپ قولىنى يۇغۇزسىمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىكەن.» ئۇ «تەشتەك توپىسى» نامىدا بىنەم توپىنى بازارغا ساپتىكەن نەتىجىدە ئۇنىڭ سودىسى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئىككى يىلغا بارمايلا، نيۇيوركتا بىر دۇكاننىڭ ئىگىسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ سودىگەرلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، بىنا ئالدىدىكى ۋىۋىسكىلارنى ۋە كوچىلاردىكى ئېلان تاختايلىرىنى سۈرتۈپ بېرىپتۇ. ئۈچ يىلغا بارمايلا، ئۇ نيۇيورك ۋە باشقا شەھەرلەردە 20 دىن ئارتۇق تازىلىق شىركىتىگە ئىگە بوپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ ۋاشىنگتونغا بېرىپ، ئايروپىلان ئىستانسىسىدا بىر قۇتا سوغۇق ئىچىملىكنى ئەمدىلا ئىچىپ تۇرۇشىغا، ئەسكى - تۈسكى يىغىدىغان بىر ئەر ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ ئىچىملىك بوتۇلكىسىنى بېرىشنى سوراپتۇ. ئۇ ئىچىملىك بوتۇلكىسىنى سۇنۇپ بەرگەن دەقىقىدە، كۆز ئالدىدىكى بۇ كىشىنىڭ دەل بەش يىل ئىلگىرى ئۆزى بىلەن پويىز بېلىتى ئالماشتۇرغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

كىشىلىك ھايات ئەنە ئاشۇنداق كومېدىيەگە تولغان. ئوخشاش پەللىدىن يولغا چىققان ئىككى كىشىنىڭ قىسقىغىنا بەش يىل داۋامىدىكى تەقدىرى ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تەلەيىنىڭ ئادەمنى كولدۇرلىتىشى (تەقدىرنىڭ چاقچىقى) بولماستىن، ئۇلاردىكى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى بۇ ئىككىيلەننىڭ كەلگۈسىدىكى ئايرىلىقىنى بەلگىلەپ قويىدى. تەپەككۇر شەكلى ئوخشىمىسا، ئوخشاش بىر مەسىلىگە بولغان كۆز قارىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ - دە، تاللىشىمۇ تامامەن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭدىن تۇغۇلىدىغان تەقدىر - قىسمەتتىكى پەرق ئەقىلگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، مەغلۇپ بولساق، تەلىيىمىزنىڭ ناچارلىقى، دەپ ئاغرىنماسلىقىمىز كېرەك. ھالبۇكى، بۇ تۈپتىن بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدىكى خاتالىقتۇر. قانداقلا بولمىسۇن، تەپەككۇر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ.

مەنبە:
(خەنزۇچە «ئىلھام ۋە پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىللىق 4 - سانىدىن خوتەن ناھىيە خانئېرىق بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئابدۇقەييۇم ئۇبۇلقاسىم تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



# «بىر بەلباغ، بىر يول»

## دىكى ئالتە چوڭ ئىقتىساد كارىدورى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق لىنىيەلەر

◉ تۆمۈر ھەسەن

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى يېتەكلەشچانلىق تەكىتلىنىدىغان ئىستراتېگىيە بولۇپلا قالماي، بەلكى تەشەببۇسكارلىق تەكىتلىنىدىغان ئىستراتېگىيە. ئۇ جۇڭگوغا قوشنا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس قىلغان، شۇنداقلا ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت، رايونلار كۆنسايىن كۆپەيتىلىدىغان، مەزمۇنى كۈندىن ـ كۈنگە بېيىتىلىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيە بولغاچقا، «بىر بەلباغ، بىر يول»دا ئالتە چوڭ ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇش تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا ئالتە چوڭ ئىقتىسادىي كارىدور «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ ئىستراتېگىيەلىك تۈۋرۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئالتە چوڭ ئىقتىسادىي كارىدور تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### 1. جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ـ رۇسىيە ئىقتىساد كارىدورى.

جۇڭگو تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىقتىساد كارىدورى ئىككى لىنىيەگە بۆلۈنىدۇ. بىر لىنىيە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېيدىن كۆكخوتقا كېلىپ، يەنە تاشقى موڭغۇل ۋە رۇسىيەگە تۇتىشىدۇ، يەنە بىر لىنىيە بولسا شەرقىي شىمالدىكى دالييەن، شېنياڭ، چاڭچۈن، خاربىندىن مانجۇرىيە ۋە رۇسىيەنىڭ خىتا (赤塔) ئوبلاستىغا تۇتىشىدۇ.

### 2. يېڭى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى (ئاسىيا ـ ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىقتىساد كارىدورى.

بۇ ئىقتىساد كارىدورى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ لييەنيۈنگاڭ شەھىرىدىن چىقىپ گوللاندىيەنىڭ روتتېردام پورتىغا تۇتىشىدىغان خەلقئارالاشقان تۆمۈر يول قاتناش غول لىنىيەسىنى كۆرسىتىدۇ.

### 3. جۇڭگو ـ ئوتتۇرا ئاسىيا ـ غەربىي ئاسىيا ئىقتىساد كارىدورى.

جۇڭگو ـ ئوتتۇرا ئاسىيا ـ غەربىي ئاسىيا ئىقتىساد كارىدورى بولسا جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىن باشلىنىپ پارس قولتۇقى، ئوتتۇرا دېڭىز ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، شۇنداقلا ئىران، تۈركىيە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز، كان مەھسۇلاتلىرى مول، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش شارائىتى بار.

### 4. جۇڭگو ـ ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارال ئىقتىساد كارىدورى.

جۇڭگو ـ ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارال ئىقتىساد كارىدورى بولسا جۇڭگو بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ئارىسىغا جايلاشقان ۋيېتنام، لائوس، تايلاند، بىرما، كامبودژا، مالايسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا شەھىرىنى قاپلاپ جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق ھىندى ئوكيانىنىڭ ئۈچ مۇھىم دېڭىز پورتىغا يېتىپ بارىدۇ.








### 5. جۇڭگو ـ پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى.

جۇڭگو ـ پاكىستان ئىقتىساد كارىدورىنىڭ شىمالىي ئۇچى قەشقەردىن باشلىنىپ جەنۇب ئۇچى پاكىستاننىڭ گۋادار (Gwadar) پورتىغا تۇتىشىدۇ، بۇ جۇڭگو ـ پاكىستاننىڭ كوزۇر قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە دەسلەپكى قەدەمدە جۇڭگو ـ پاكىستان ئىقتىساد كارىدورىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 500 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. بۇ تۈر ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ سودا، ئادىمىيەت، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشكە تېپىلغۇسىز پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

### 6. بېنگال ـ جۇڭگو ـ ھىندىستان ـ بېرما ئىقتىساد كارىدورى.

بېنگال ـ جۇڭگو ـ ھىندىستان ـ بېرما ئىقتىساد كارىدورى بىۋاستە ھالدا يۇقىرىدىكى تۆت دۆلەتكىلا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىقتىسادىي كارىدور بولماستىن، بەلكى جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ بىرلىكتە تەڭ تەرەققىي قىلىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا دېڭىز يولى ئىقتىساد كارىدورىدا يەنە فۇجيەن، نىڭبو، گۇاڭدوڭ، چۈەنجۇ پورتى ئارقىلىق ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان دېڭىز يولى ئىقتىساد كارىدورى ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان ئارىلىدىكى 27 دۆلەتكە چېتىشىدىغان تىروپىك بەلباغ دېڭىز يولى ئىقتىساد كارىدورىمۇ بار.

«بىر بەلباغ ، بىر يول»دىكى ئاساسلىق لىنىيەلەر: بىرىنچى شىمالىي لىنىيە. بۇ لىنىيە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى (ئامېرىكا بىلەن كانادا) — شىمالىي تىنچ ئوكيان — ياپونىيە — كورېيە — ياپون دېڭىزى — زارۇبىنو (ۋلادىۋوستوك، سلاۋيانكا قاتارلىقلار —) خۇنچۈن شەھىرى — يەنجى شەھىرى — جىلىن — چاڭچۈن — تاشقى موڭغۇلىيە — رۇسىيە — ياۋروپا (شىمالىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ياۋروپا، شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ياۋروپا)غا تۇتىشىدۇ.

ئىككىنچى شىمالىي لىنىيە. بۇ لىنىيە بېيجىڭ — رۇسىيە — گېرمانىيە — شىمالىي ياۋروپاغا تۇتىشىدۇ.

ئوتتۇرا يول. بۇ لىنىيە بېيجىڭ — شىئەن — ئۈرۈمچى — ئافغانىستان — قازاقىستان — ۋېنگرىيە — پارىژغا تۇتىشىدۇ.

جەنۇبىي لىنىيە. بۇ لىنىيە چۈەنجۇ — فۇجۇ — گۇاڭجۇ — خەيكو — بېيخەي — خانوي — كۇئالالامپۇر — جاكارتا — كولومبو — كالكۇتتا — نايروبى — ئافىنا — ۋېنتسىيەگە تۇتىشىدۇ.

مەركىزىي لىنىيە. بۇ لىنىيە ليەنيۈنگاڭ — جېڭجۇ — شىئەن — لەنجۇ — شىنجاڭ — ئوتتۇرا ئاسىيا — ياۋروپاغا تۇتىشىدۇ.

بۇ لىنىيەلەردىكى مەركىزىي ئايرودرومپورتلار: شاڭخەي ئايروپورتى بىلەن گۇاڭجۇ ئايروپورتى. مەركىزىي پورتلار: شاڭخەي پورتى، تيەنجىن پورتى، نىڭبو ـ جۇشەن پورتى، گۇاڭجۇ پورتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەركىزىي رايونلار: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن فۇجيەن ئۆلكىسىدىن ئىبارەت.

(ئاپتور: قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

www.uyghurkitap.com



## بىر ئۆلىمانىڭ كۆزى

◉ ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

### تۇيىراق بېشى

يۈرىكىمنى پۈتۈن قىلغان،
پارە - پارە يۈرىكىدۇر دادامنىڭ.
تىلىكىمنى ماگىمدا تىلغان،
چۈچۈلا تىلىكىدۇر ئانامنىڭ.

قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم،
قەبرىدە بىر تاغ قەددىمنى تۈزلۈۋاتقان.
تېشىدا شېئىردا بېقىلىۋاتقىنى مەن،
مەۋجۇتلۇقنى زەيكەشتىن سۈزۈۋاتقان.
بىر چىغىر تەرجىماندۇر ئارىمىزدا،
چىغىرنىڭ بىر ئۇچىغا دەردىم باغلانغان،
بىر ئۇچى روھلارغا ۋەتەن.

قالدى ئۇلار تۇشىمنى قاچىلاپ،
توپىغا ئايلانغان ئەسلەشلىرىگە.
ھەئە،
ئۇلار باشقا بىر رېئاللىقتا ياشار،
ئاۋازى شامال قاچىسىغا تاشار،
قومۇش، خادىلارنىڭ ئەسنەشلىرىدە.

مېنى قىرائەت قىلدى كونا ھەقىقەت،
مەن ھەقىقەتنى قىرائەت قىلىپ ياندىم مازاردىن.
ئارقامدا بىر مەھەللە،
مەھەللەمدىكىلەرنىڭ يادىغا يا يېتىدىغان
يا يەتمەيدىغان،
ئۆي ئايرىپ چىقىۋاتقان بازاردىن.

### بىر ئۆلىمانىڭ كۆزى

— ئازاد سۇلتان مۇئەللىمگە بېغىشلاپ

بىر جۈپ كۆز بار كۆزەينەكنىڭ كەينىدە،
تەكتىگە ئۆتمۈش تىزىلغان،
ئۈستىگە ئەتىنىڭ فورمۇلاسى سىزىلغان،
ئۇتتۇرىسىدا تۇتەيدۇ بۈگۈن...

كۆزلەر ئوچۇق، ئىتىك قارىچۇقلار،
قەدەملەرنى ئۆچۈرەر پۈتلار،
يول چىقىۋالغان ئېگىز بىر شاخقا،
چۈچۈلا قۇرلاردىن ئۆرلەيدۇ تۈتۈن...

مىڭ يىلنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئەجدادى،
تونۇش ئەقىل بىلەن ئىشارەت قىلار.
قەدىمىي شىۋىلەر ساۋاقنى تەگلەپ،
ھازىرقى ئاھاڭدا ئۇنى تەكرارلار:
بۆرىنىڭ قارغىشىغا ئېشەك ئۆلمەس،
ساقلاپ تۇرۇۋەرسەڭ مەنزىل كۆرۈنمەس،
ئامەت پىدائىيغىلا ئىتائەت قىلار...

قوۋمى بۇندا قالدى چۆرگىلەپ،
ئۆيلىرى يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە جايلاشقان.
تىلى ئوخشاش، كېيىلى ئوخشاش،
تۆت كوچىدىن قالغىنى توختاش،
ئويلىرى ئون سەككىزىنچى ئەسىرگە ئە-
شىك ئاچقان.
ھاياتنىڭ قارا تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ،
شەيتاننىڭ ئادىشىغا ياپقاچ چاپان.
روھىدىكى دۈشمىنىگە قۇدا بولغاچ،
تەلەي نەچچە يۈز يىللىق يەرگە قاچقان...
بۇندا بىر تەگلىمە يېشىلگەن خاتا،
قىسمەتچى ئاداشقان، قىسمەت ئاداشقان...

ئىس يانار موردىدىن ئوت قالغانچە،
چوغۇك پۈچۈلىنىپ چاراسلاپ تۇرار.
كۆرۈپ غۇنچىلارنى قاقاستا،
قوناق ئېتىلغاندەك قوقاستا،
يۈرىكلىك يۈرىكىگىدە پاراسلاپ تۇرار.
تونۇش دەرد تۇرۇۋېلىپ چۆرەگىدە،
قانلىق جەڭ بولار ئىدىيەگىدە،
بوراندا نېمەگىدۇر قاراسلاپ تۇرار...
كۆزۈك پېشانىلەرگە چاپلاشقان مىختا،
سۆكۈتۈك ئۆلۈۋالار جىمجىتلىقتا،
تەقدىرىك تەقدىرنى تاراشلاپ تۇرار.
سەرەگگەك شاملاردىن زۇلمەتنى يۇلۇپ،
ۋىل - ۋىل قىلار روجەكلەر يورۇپ،
ئۇندا بىر تاك قونداقتا قونۇپ،
ئاجىلغان سۈزۈكلۈككە دان تاشلاپ تۇرار.
پېشكەل كىشىگە پېشكەللىك دېگەن،
ھەئە، يولدا مارلاپ يانپاشلاپ تۇرار...

ئىشىك چەكتى بىر چۈش ئەتىگەن،
يېگىلا روجەكنى ئەتكەن كۆزۈمگە.
ھاياتتىكى ئەڭ تاتلىق قىسسە،
خەزىنە ئەكىرىۋېتىپتۇ سۆزۈمگە.
پېشانەمگە خىزىر بېيىت يېزىپ،
بېيىتتا ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە ئېزىپ،
ئۆچمەس نۇر تېرىپتۇ يۈزۈمگە...

ئۆگزىگە چىقىۋېتىپتۇ تالاي يۈرەك،
بىر يۈرەكنى شوتا قىلىپ.
پۈتلىرىدا بۇقىنىڭ ئەپتى،
بەللىرىدە ماگىمنىڭ تەپتى،
باغلىغاچ ئاق تىلەكنى پوتا قىلىپ...
ھاياتقا ئەقلىنى ئەيلەپ تېتىقۇ،
بەختىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋاتقۇدەك،
ئۆمرىگە ئەگگۈشتەر يىغىۋاتقۇدەك،
بىر ئىسمنى سېھىرلىك قۇتا قىلىپ...

بىر جۈپ كۆز بار كۆزەينەكنىڭ كەينىدە
سىققان پېشكەللىكنىڭ كىكىردىكىنى...
ئۆزىنى ئۆزىدە قىلدىغۇ ئۆرە:
«ئىتلارغا باش بولسا گەر بۆرە،
ئىت بۆرىگە ئايلىنىدۇ» دېگىنى...

باقتىم كۆزەينەكلىك كۆزگە باشقىدىن،
كۆردۈم بىر سۈرەتنى ئۇنىڭ قەلبىدىن.
گۈللەرگە چىلىنىپ يۈرىكى،
ئالماستىن بولاركەن تۆۋرۈكى،
ئايرىلمىسا كىمكى خەلقىدىن...

تىلىمغا تىل بەرگەندە ئۆلما سۆزى،
شېئىرىمنىڭ يورىدى كۆزى...

### تىلسىز بوۋاق

قورسىقى تويسىلا كۆزى ئۇيقۇدا
ئېسى يۆگەكتىكى ئاپپاق تۇيغۇدا
بۆشۈكتە تورۇسنى قۇچۇپ ياتىدۇ.
جۈپ قارىقى — جۈپ ئالەم
دۇنيا ئەخلەتلىرى مارلىيالمىغان،
كۆڭلىنى نامەردلىك ئارلىيالمىغان
ئۇندا تۆت پەسىلدە، كۈندۈز - كېچىدە
ئون ئىككى ۋاق، يىگىرمە تۆت سائەت
تاڭ ئاتىدۇ...

تېپىرلايدۇ، بىراق بىلمەس ئۇ
نېمىشقا بۆلەيدۇ بۆشۈك - زاكىغا؟
يىغلاش - كۈلۈش ھازىرقى سۆزى،
ھەر نەرسىگە يۆگۈرەر كۆزى،
ئاپپاق كۆرپە ئىچرە ياتسا پۇشۇلداپ،

ئوخشاپ قالار ئادەم تۇسدە،
جىمجىت توقۇلۇۋاتقان داكىغا...

پىرىسلاقلىق دىلىدا گېپى،
سۆزلىيەلمىگەن بىلەن.
پۈتى تىغ سانچىپىدۇ سۈكۈتكە ھەردەم،
نىشاننى كۆزلىيەلمىگەن بىلەن.

سۆز ئۇ ھېچكىم سۆزلەپ باقمىغان،
ئاڭلىمىغان ھېچقانداق قۇلاق.
بۇلاق ئۇ ھېچ جانىۋار باقمىغان ئوتلاپ،
بۇلاقلارغا چىراغ ياققان بۇلدۇقلاپ،
غولىغا باتۇرلۇقتىن ئۇلىغان ئۇلاق...

تىلسىز بوۋاققا تىكىلدىم ئۇزاق،
كەلدى كۆز ئالدىمغا لەكمىڭ تىلىلىق جان...
بىر تىل بىلەن مىڭلاپ باش غايىب،
تەقدىر تەرلەر بىر سۆزدە چىپ - چىپ.
بىر سۆز سېنى قۇللۇققا سۆرەر،
بىر سۆز بىلەن بولىسەن خاقان...

كۆز ئالدىمدا تىلسىز بىر بوۋاق،
بەختىمكىن دەپ قالدىم تۇرۇپ،
تىل بازىرىدا تىلسىز جان بولماق...



## ياشاۋاتقىنىمنى ساڭا ئېيتىمەن

ئابدۇرېشىت ئېلى

### ھاياتىمدىن چىقىپ كەتتىڭ

ھاياتىمدىن چىقىپ كەتتىڭ،
باھار باغلاردىن چىقىپ كەتكەندەك.
چىقىپ كەتكەندەك بولدى كۈندۈزلەر،
چىقىپ كەتكەندەك بولدى كېچىلەر،
چىقىپ كەتكەندەك بولدى دېرىزەم،
ساڭا قارايدىغان،
سەن بىلەن بىللە.
ئەمدى سەن خىياللىرىمدا قالدىڭ،
مەن يوشۇرالمايدىغان خىياللىرىمدا.
بىر تال يۇلتۇز بولۇپ،
ئەمدى سەن شېئىرلىرىمدا قالدىڭ،
تۇتقىلى بولمايدىغان،
كۆرگىلى بولمايدىغان،
قۇتۇلغىلى بولمايدىغان،
بىر تال ياپۇز بولۇپ.
ئەمدى سەن غېرىبلىقىمدا قالدىڭ،
مېنىڭ غەمكىن قولۇمنى تۇتۇپ.

خىياللىرىمنى ئۆچۈرەلمەيمەن،
ئۆچۈرگىلى بولاتتى بىر سۆز خاتا يېزىلسا.
شېئىرلىرىمنى يىرتىپ تۈگىتەلمەيمەن
ئۇ تولغان مېنىڭ ئۆلۈمىگىچە تا.
غېرىبلىق مېنىڭ ئېتىمدۇر
ھەممىدىن كەچسەممۇ
كېچەلمەيمەن ئۇنىڭدىن ئەسلا.

ھەممىسى تۈنۈگۈنكىدەك
شۇنداق زېرىكىشلىك، شۇنداق بىمەنە.
رېئاللىق پۈرلەپ تاشلىۋېتىلگەن قەغەزدەك
ئۇ يەردىن كۆزلىرىمگىچە.

چىقىپ كېتىدىكەن باھار،
غازاڭ قالىدىكەن.
چىقىپ كېتىدىكەن جان،
پاراڭ قالىدىكەن.
چىقىپ كېتىدىكەن يار،
ھېچنېمە قالمايدىكەن،
ھېچنېمە قالمايدىكەن...

### جىگىرى بارلىقى ئىسپاتلانغان ئەر

جىگىرى يوق دەيمىز،
ۋەتەنگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر پاي ئوق-
نى كۆكرىكى بىلەن توسالمىسا،
قىپقىزىل قان ئىچىدە «ۋەتەن» دەپ،
كەينىگە ئەمەس ئالدىغا يىقىلالمىسا.
بۇ ھېكمەتنى ئاڭلاپ بويۇم ئۆستى،
ۋەتەننى كۆكرىكىم بىلەنلا ئەمەس،
ھاياتىم ۋە جەستىم بىلەن قوغداشقا
ئەھدە قىلدىم.
بىراق مەندە جىگەر بارمۇ - يوق؟
تۇيۇقسىز بۇنى ئويلاپ قاتتىق غەم يىدىم.
كېيىن دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش قەغىزى:
خىياللىرىمدەك چېچىلىپ،
نەپسىمدەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ،
كۆزلىرىمگە تاشلانغان سان - سېفىرلار-
دىن جىگىرىمدە مەسىلە بارلىقىنى بىلدىم.
«مەندە جىگەر بار ئىكەن» دەپ ۋار-
قىراپ كوچىغا چىقتىم.
مەندە جىگەر بار ئىكەنلىكىنى بىلدى دۈشمەن،
ۋەتەنگە ئوق ئاتمىدى.
مېنى چاقىردى كەينىمدە بىرسى،
ئۇ مېنىڭ ئاۋازىم ئىدى.

ھەممىلا ئادەمدە جىگەر بولىدىكەن،
ھەممىلا ئادەم ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلمەيدىكەن.
«جىگەر قاتسا ئۆلىدۇ» دەيدۇ،
بىراق، يۈرەك قاتسا ئادەم كۆكلەيدىكەن.

دېمەك، ئادەم جىگىرى قاتسىمۇ ئۆلىدۇ،
كوچىدا ماشىنا باسسىمۇ ئۆلىدۇ،
ئۆلمىسىمۇ ۋەتەن ئۈچۈن
ۋەتەن تۇپرىقىغا كۆمۈلىدۇ.

جىگىرى يوق دېيىشكە تىلىم كۆيدى،
ۋەتەن سىرتىدا قالدى جەسەتلەر.
ئۆلۈمدىن قاچماقتا جان - جەھلى بىلەن،
جىگىرى بارلىقى ئىسپاتلانغان ئەر.
كىم بىلىدۇ بارمۇ - يوق،
ئۇنى توسۇپ قالىدىغان ئوق؟
ئۇ جىگىرىنى ساقلاپ قالماقچى،
ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلەي دەپ تولۇق.

### ياشاۋاتقىنىمنى ساڭا ئېيتىمەن

سەن كۆرەلمەيدىغان بىر ھالدا ياشايمەن
سەن كۆرەلمەيدىغان بىر يەردە ئەمەس.
شەرق - غەربتەك تۇرساقمۇ ئۇدۇل
كۆزلىرىڭ مېنى ساڭا كۆرسەتمەس.

سەن دەرەخلەرنى كۆرۈپ
ياپراقلىرىغا يوشۇرۇنغان.
مېنى شۇ دەرسەن،
بىراق، سەن كۆرگەن شۇ دەرەخنىڭ
تىك پېتى قاقشال بولغىنىنى كۆرمەيسەن.

سەن باھارغا قاراپ
داللاردا ئويناقشىپ يۈرگەن،
باغلاردا ئېچىلغان،
ئېرىقلاردا شىلدىرلاۋاتقان.
«تولىمۇ ئۇز ياشاۋېتىپتۇ»



# بىر جانان، بىر جاھان، يەتتە تال خازان

◉ ھاجىبەگ

بىر جانان، بىر جاھان، يەتتە تال خازان

## بىرىنچى خازان

سەھەرنىڭ گۈللىرى ئۇقۇيدۇ ناخشا،
سۆيىدۇ قۇشلارنى يېقىملىق شامال.
چېچەك تال - تالنى ساناپ ئولتۇرۇپ،
سەيلىگە چىقىشنى قىلدىڭمۇ خىيال.

مەجنۇنتال نازغىتىپ ئۇينىسا ئۇسسۇل،
بۇلاقلار ۋىلىقلاپ كۈلۈشەر بۇ دەم.
قۇياشنىڭ نۇرلىرى سۇ بولۇپ ئاقتى،
يوللارغا قەدىمىڭ چېچىلسۇن ئەركەم!

مەن چىنار تۈۋىدە راۋابنى چېلىپ،
مۇھەببەت كۈيىدە تولۇلاۋاتىمەن.
جېنىمنى تار بىلەن نەچچىگە بۆلۈپ،
ھىجران دەرياسىنى بويلاۋاتىمەن.

مىيىغىڭ ئويىمىنىغا كۆچسۇن پەسىللەر،
سەن ئۈچۈن پەرۋانە بولسۇن تەبىئەت.
پەرۋاسىز ماڭساڭمۇ بەگباش مەلىكەم،
قەددىڭنى بىر كۆرسەت، بىزگە رەھىم ئەت!

## ئىككىنچى خازان

كېچىدەك قاراڭغۇ، غېرىب بىر كۆيدە،
نەي بىلەن چالىمەن ئۆزۈمنى بۇ دەم.
بەلكى سەن جىمجىت ھەم مىسكىن شەھەردىن،
ئازاب چۆللۈكىگە تاشلىدىڭ قەدەم.

سىملداپ چۈشكەندە نەيىنىڭ كۆز يېشى،
كەيپتە كۈلمەكنى ئويلايدۇ جاھان.
كۆنلۈكسىز يۈرگىنى پەقەت بىر گۈزەل،
دەرسەن، دالالاردا-
بىرىنىڭ غەمكىن تۇرغانلىقىدىن،
باغلارنىڭ زېرىكىشكە ئايلانغانلىقىدىن،
سۇنىڭ چوڭقۇر يىغلاۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر.

ئىشكىڭ چېكىلسە ناۋادا،
مېنى چەككەنمىدۇ دېمىگىن.
ئاستا - ئاستا يېتسە بىر تېۋىش،
مېنى كەتكەنمىدۇ دېمىگىن.
ئىشكىڭنى چەككىنى بەلكىم،
ئەسلىمىلەردۇر تالادا قالغان.
قولىڭدىن يىراقلاۋاتقىنى،
ئىچىڭدىكى مەندۇرمەن ھامان.

بىلمەسمەن، مەن ياشاۋاتىمەن،
سەنسىز ئۆلۈپ قالىمەن، دەپ تۇرۇپ
ياشاۋاتىمەن.
ئۆلۈم دېگەن ئاداققى ئۇمىد
كەتكەن ئىكەن سەن بىلەن.
مەن قاپتىمەن بىر تال تاش بولۇپ
تەنىدىن جۇدا بولغان باش بولۇپ.
ئاھ سەن ئۈچۈن، جېنىم سەن ئۈچۈن
كۆيۈپ پۈتمەس بىر قۇياش بولۇپ.

سەن ئۇخلىغان كېچىلەر بىلەن،
سەن دەسسەپ تۇرغان يەر بىلەن.
ئىشكىڭنى ئاچقىنىڭدا،
قوللىرىڭنى تۇتقان سەھەر بىلەن،
ھېلىمۇ ياشاۋاتقىنىمنى ساڭا ئېيتىمەن.

## ماڭا بىر پارچىمۇ خەت يازمىغان ئايالغا ئاتاپ

تۇرۇپ بۇ ئىش مېنى چۆچۈتتى،
سەن ماڭا بىر پارچىمۇ خەت يازماپسەن،
تۇغۇلغىنىڭدىن ئۆلگۈچە تا.
بارلىق خەتلىرىمنى چىقتىم ئاختۇرۇپ
بىر پارچىمۇ خەت يوق يېزىلغان ماڭا.

بىرىنچى خەتنى مەن يېزىپتىمەن،
تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئىسمىغا بىر تال
ئەتىرگۈلنى قويۇپتىمەن.
«بارمۇ سىز» دەپتىمەن - دە بىر تال
چېكىتنى ھەم،
ئىسمىمنى يېزىشنى ئۇنتۇپتىمەن.
ئۇنتۇپتىمەن ئۇنى بىرىشنى،
ئۇنتۇپتىمەن يىرتىۋېتىشنى،
ئۇنتۇپتىمەن گويا شۇ خەتتەك
جىمجىت ھالدا ئۇنتۇپ كېتىشنى.

ئىككىنچى خەتنىمۇ مەن يېزىپتىمەن،
بۇ تولىمۇ ھارغىن خەت ئىدى.
ھارغىن كۆزدەك سارغايغان ۋە
سارغايغان ئىدى خۇشپۇراق ھىدى.
ئۇنى قولۇمغا ئالغىنىمدا ئويلىدىم،
يۇلتۇزلۇق ئاخشامنى يىراقتا قالغان.
بېسىپ كىردى ئۆيۈمگە بىردىن،
تالادىكى بىگانە ئاسمان.
مەن بىر پارچە خەت بولدۇم،
كەپتەر بولدى خىياللار.
ئېلىپ كەتتى (بىلمەيمەن نەگە...)
ئېپ كەتكەندەك مېنى شامالار.
......
ئۈچىنچى پارچە خەتنى قولۇمغا ئالدىم،
كېيىنكى خەتلەر پاتمىدى ئەمما.
ئۈچىنچى پارچە خەتتىكى بوش يەر،
توختىغان ئىكەن تۇتۇشۇپ ماڭا.
ئۈچىنچى پارچە خەتتە يەنە،
باھار كەلگەنلىكى ھەققىدە،
ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان
تەپسىلات بار ئىكەن كىچىككىنە.
مەن ئۇنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم،
لېكىن باھارنىڭ كەلمىگەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم.
مەن ئۇ خەتنى ئاتقان ۋاقتتا،
ئىگىسىنىڭ قولىغا يەتمىگەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم.

ماڭا بىر پارچە خەت يازساڭ بولمامدۇ!
خەت يېزىلمىغان بىر پارچە ئاق قەغەزنى
بولسىمۇ بەرسەڭ بولمامدۇ!
يازماسمىدىم ئۇنىڭغا ئۆزۈم،
سېنىڭ مېنى سېغىنىپ ياشاۋاتقىنىڭنى
مەن بولمىغان دەملەردە
ئۆزۈڭنى قىيادىن ئاتقىنىڭنى...
نېمە بوپتۇ يالغان بولسا،
تاپماسمىدىم تەسەللىي شۇندىن،
نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن
خەت يازمىغان بولغىيدىڭ جېنىم؟

رەڭگى يوق دېڭىزنىڭ بويىدا تۇرغان.
پېشانەم ئاستىدا ياتقان جاڭگالدا،
چىغىر يول بولمايدۇ كۆككە سوزۇلغان.
قاغجىراپ كەتكىنى قىرىق تۈپ چىنار،
شولىدەك بويۇڭغا ئاتاپ قويۇلغان.

نە تورغاي سايرىسۇن بىزنىڭ سەھەردە،
سەھەرنىڭ ئىسمىمۇ مۇزلىغان دېڭىز.
ناخشامنىڭ ئەۋجىدىن تۆكۈلۈپ تۇرار،
كۆڭلۈك كۆتۈرمىگەن ناتونۇش بىر قىز.

## ئۈچىنچى خازان

بۇقۇلداپ يىغلىغان بۇلبۇلمۇ، نەيمۇ،
قەدىمي ئورماندىكى بۇلاق بويىدا؟
مەن يەنە ئويغاندىم مەيدەمگە ئۇرۇپ،
مەيخانا يېنىدىكى غېرىب كوچىدا...

بۇ كېچە كۆز كىرگەن چېغى شەھەرگە،
سارغىيىپ ياتىدۇ يەتتە تال ياپراق.
يېنىمدىن شىپىلداپ ئۆتتى بىر كىملەر،
بويىدىن مەن تامام تارتىپ پىراق...

يۆلىنىپ ئولتۇردۇم شەھەر تېمىغا،
ئاھ، ئۇمۇ مېنىڭدەك ھالسىز، ماجالسىز.
تۇتقىنىم يۈرەكمۇ، بىر سقىم تۇپراق؟
ئالقىنىم ئارىسىدا تىلىم - تىلىم ئىز...

شەھەرنىڭ قۇشلىرى ئويغىنىپ ئەمدى،
دەل مۇشۇ كوچىدا سالىدۇ چۇقان.
شاۋقۇنلار ئەۋجىدە يوقايدۇ بەلكى،
بىر جانان، بىر جاھان، يەتتە تال خازان.

بۇلبۇلنىڭ ۋە ياكى نەينىڭ ئاۋازى،
قۇلاقنىڭ تۈۋىدە قىلىدۇ پەرياد.
ئەي زالىم دىۋانە، ئال بۇ جېنىمنى،
چۆللەرگە تاشلىۋەت، قىل مېنى ئازاد.

## تۆتىنچى خازان

يۈرىكىم ئاغرىيدۇ شۇقەدەر تەمكىن،
ئالقانغا لىق تولغان جاراھەت - يارا.
سەن ماڭا يامغۇردەك سىملداپ ئۆتتۈڭ،
ھىجراندەك سوزۇلغان چىغىر يول ئارا.

دېڭىزنىڭ بويىدا يالىڭاچ پېتىم،
چاقماقتەك چېقىلىپ سېنى ساقلىدىم.
دولقۇنلار ئەۋجىدە تەۋرىدى دۇنيا،
سەندەك بىر جانانىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

كەچكۈزنىڭ سارغايغان ياپرىقى بولۇپ،
سەن ئۇچۇپ چۆللەرگە كىردىڭ نەچچە رەت.
بۇلبۇلدەك سايرىدىم باغلار ئىچىدە،
گۈلىستان قۇم بولدى، ئۆرۈلمىدى بەت.

قەلەمنىڭ تىلىدىن قاندەك ساقىدىم،
ھەرپلەر دەريادەك تولغاندى، ئاقتى.
ئەڭ غېرىب كۈي بولۇپ چىقتىم ساتاردىن،
ئاھ، سەندىن باشقىلار ئەلەملىك باقتى.

سەن بەلكى خىيالدەك سۆيۈملۈك بىر قىز،
باغرىمنى مەڭگۈلۈك قەبرە ئەيلىگەن.
مەن بەلكى ھاياتتەك ئاۋارە يىگىت،
قىيامەت دەشتىنى ئايلىنىپ يۈرگەن.

زىمىستان كېچىسى كوچىدا قالسام،
يېقىملىق قار بولۇپ چۈشەرسەن لەرزان.
بىر پاتمان ھەسرەتنى قۇچاقلىغاندا،
مەڭگۈلۈك شېئىرغا ئايلىنار ھىجران.

## بەشىنچى خازان

مەن سېنى ئۇنتۇشنى قىلمىدىم خىيال،
ئۇنتۇشنىڭ ئۆزىلا قەبىھ جىنايەت.
يامغۇردەك سىملداپ چۈشكەن ئازابقا،
جىمجىتلا ئولتۇرۇپ قىلدىم ئىنايەت.

مايسىنىڭ رەڭگىدە چىقساڭ باھاردىن،
قارلىغاچ كۈيىدە سىزدىم ئۆزۈمنى.
دولقۇندەك كەلمەكچى بولساڭ دېڭىزدىن،
ساھىلنىڭ بويىغا قويدۇم كۆزۈمنى.

ئاي چىقماي تاڭ ئاتقان ۋەيرانە كېچە،
ھىجرىنىڭ ۋەسلىدىن بەردى بېشارەت.
ئۇنتۇپ كەت، دېگەندە قەدەھتىكى مەي،
سۇنغان بىر كوزىنى قىلدىم ئىشارەت.

مەن سېنى ئۇنتۇشقا ۋەدە قىلمىغان،
خوش دېگەن پەقەتلا كەچكۈز رەڭگىدە.
ساھىلنىڭ بويىدا ئولتۇردۇم ئۇزاق،
بىر كېمە تولغىنار دولقۇن ئەۋجىدە.

## ئالتىنچى خازان

كۆزۈمدىن تامچىلاپ چۈشتۈڭ بۇ كېچە،
بىر دەريا تولغاندى ئالقانلىرىمدا.
بىلمىدىم مەيدەمگە سانجىلغان نېمە،
يۈنۈسنىڭ بېلىقى بولمىدى پەيدا.

ئېقىۋەر بۇلدۇقلاپ، كۆزۈم كور بولسۇن،
ھىجىر توپانىغا غەرق ئەت مېنى.
بىر دۆۋە ئازابتەك يەرنى قۇچاقلاپ،
ئاڭلايمەن كەپتەرنىڭ بۇقۇلدىشىنى.

قىرىق كۈن كۆيۈپلا چىدىمىغان كىم،
قامچىغا ھۆرۈلگەن ئوتنىڭ ئىچىدە.
چېچىلىڭ تال - تالنى قىلمەن خىيال،
مەن كۆيۈپ چىدىغان مۇشۇ كېچىدە.

كۆزۈمدىن تاراملاپ چۈشتۈڭ بۇ كېچە،
ئۆرتەنگەن يۈرەككە سالمىدىڭ نەزەر.
ئېرىگەن تاغ بولۇپ كۆچتۈڭ بۇ كېچە،
بىر سقىم تۇپراقنى قىلىپ سەمەندەر.

## يەتتىنچى خازان

بىرىنچى خازانغا يېقىنلا پەسىل،
ئىككىنچى خازاندىن كەتتى يىراقلاپ.
ئۈچىنچى خازاندەك بىناۋا قۇشلار،
گۈللەرگە خوش دېدى كۆزىنى ياشلاپ.

ساماندەك سارغىيىپ پەرياد چېكىدۇ،
كۆيلەرنىڭ ئەۋجىدە تۆتىنچى خازان.
پەسلىنىڭ سىرتىدا قالغان بەشىنچى،
يامايدۇ يۈرىكىنى بولۇپ سىڭاريان.

ئۆزىنىڭ رەڭگىنى يوقاتقان ئالتە،
رىۋايەت ئىچىدە تۈنەيدۇ جىمجىت.
شېرىنىنىڭ شامالدا ئۇچقان روملى،
ۋىسالدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن سۈكۈت.

بىر جانان قاتىلىم بولدۇ جەزمەن،
ئاخىرقى نەپەستە بوغۇلغان چېغىم.
سەھەردە نېپىمنى سۆيگەن شامالار،
ھىجراننى كۈيلىشەر يەنە بىر قېتىم.

بىر جاھان شۇ تامام ئاخىرلىشىدۇ،
يەتتە تال خازاننى يېپىنچا ئەيلەپ.
دېڭىزنىڭ بويىدا تۇرغاندا بىر قىز،
كېچىنىڭ كۆز يېشى چۈشىدۇ لەيلەپ.

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

www.uyghurkitap.com



# قەدىمكى رىملىقلارنىڭ پەن - تېخنىكىسى

◉ ئالىم كېرىم كۆكئالىپ



ياۋروپانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى يەنە بىر يورۇق نۇقتا قەدىمكى رىم مەدەنىيىتىدۇر. قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى قەدىمكى يۇناننىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىسىمۇ، يەنىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتە، ئۇلار جۇمھۇرىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسى ۋە قانۇن تۈزۈلمىسىنى ئورناتقان. ئىككىنچىدىن، تىل جەھەتتە، ئۇلار گرېك يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى لاتىن يېزىقى بىلەن ئىپادە قىلغان. لاتىن يېزىقى ھازىرقى دۇنياغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن يېزىق، كېيىن ئىسپان تىلى، فرانسۇز تىلى، ئىتالىيان تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولۇپ قالدى. ئۈچىنچىدىن، تېخنىكا جەھەتتە، ئۇلار تېخنىكىنى قۇرۇلۇشلاردا ۋە باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا، قەدىمكى رىمنىڭ مەدەنىيىتى قەدىمكى يۇناننىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بىرلىشىپ بىر - بىرىنى تولۇقلاپ يۇنان - رىم مەدەنىيىتى قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، پەن - تېخنىكىدا كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مۇشۇ جەھەتلەردىن قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ.

### ◀ مىلادىيە كالېندارىنىڭ ئاساسى

توغرا، ئېنىق بولغان كالېندار تۈزۈشنى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بىۋاسىتە مۇھىم ئىپادىسى. چۈنكى كالېندار ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. توغرا، ئىنچىكە تۈزۈلگەن كالېندار ماكان - زاماننىڭ ئۇزاق ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىپ تۈزۈلگەن جەدۋىلىدۇر. قەدىمكى رىملىقلار تۈزگەن جۇلىئان كالېندارى ئىمپېراتور قەيسەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان مىلادىيە كالېندارىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى مىسىرلىقلار، قەدىمكى يۇنانلىقلار قۇياش كالېندارىنى ئىشلەتكەنىدى. بۇ كالېندار ئېنىق بولماسلىقتەك، ئىشلىتىش قولايلىق بولماسلىقتەك كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. رىملىقلار باشقا كالېندارلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇلىئان كالېندارىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ كالېنداردا بىر يىل 12 ئاي، 366 كۈنگە بۆلۈنگەن. تاق ئايلار چوڭ ئاي قىلىنىپ، 31 كۈنلۈك؛ جۈپ ئايلار كىچىك ئاي قىلىنىپ 30 كۈندىن بولغان. 7 - ئاي قەيسەر ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلغان ئېيى بولغاچقا، تاق ئايلار مۇقەررەر چوڭ ئاي قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. 8 - ئاي قەيسەرنىڭ تۇغۇلغان ئېيى بولغاچقا چوڭ ئاي قىلىنىپ، كېيىنكى جۈپ ئايلار چوڭ بولۇپ قالغان. بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان بىر كۈننى 2 - ئايدىن ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا رىملىقلارنىڭ ئادىتىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى 2 - ئايدا جازا ئىجرا قىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خەيرلىك ئاي ھېسابلانمايتتى. 7 - ئايغا قوشۇپ بېرىدىغان بىر كۈننى يەنە 2 - ئايدىن ئالغان. شۇنداق قىلىپ 2 - ئاي بولسا 28 كۈن بولۇپ قالغان، پەقەت كەبىسە يىلدىلا 29 كۈن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

جۇلىئان كالېندارىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، يەرشارىدىكى پەسىللەرنىڭ، كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە باپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا ساقلانغان ۋاقىت پەرقى خاتالىقى چوڭىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا مىلادى 16 - ئەسىردە مېدىتسىنا پروفېسسورى لىلىس تۈزىتىش كىرگۈزگەن، ھەمدە بۇ يېڭى كالېندار پاپا گىرىگورى Ⅲ تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلىپ، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مىلادىيە كالېندارى بولۇپ قالغان.

### ◀ پتولېمېي ۋە ئۇنىڭ «يەر مەركەز تەلىماتى»

پتولېمېي (تەخمىنەن 90 - 168 يىللار ) قەدىمكى رىمنىڭ ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى داڭدار ئەرباب. ئۇنىڭ ئاسترونومىيە نەزەرىيەسى يېقىنقى زامان ئاسترونومىيەسىنىڭ تەرەققىياتى

ئۇچۇن ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

پتولېمېي ناھايىتى سىستېمىلىق ھالدا قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئاسترونومىيە نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلەپ، داڭلىق ئەسەر «ئاسترونومىيە»نى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب كېيىن ئەرەبلەر تەرىپىدىن دەستۇر دەپ ئۇلۇغلانغان. بۇ كىتابتا ئاساسلىقى «يەر مەركەز تەلىماتى» نۇقتىلىق ھالدا سۆزلەنگەن بولۇپ، يەرنى مەركەز قىلغان سىستېمىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلما مودېلى بېرىلگەن، ھەمدە بىر قاتار ئەمەلىي كۆزىتىشلەر ئارقىلىق بۇ مودېلنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن. كىتابتا يەرنىڭ شەكلى يۇملاق بولۇپ، ئۇ ئالەمنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ، مەركەزدىن سىرتقا قاراپ ئاسمان جىسىملىرى ئاي، مېركۇرىي، ۋېنېرا، قۇياش، مارس، يۇپىتېر ۋە ساتۇرن تەرتىپى بويىچە تىزىلىپ، يەرشارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ، دەپ تەسۋىرلەنگەن. كىتاب يەنە بۇ سىستېمىنى تەشكىل قىلغان ھەر قايسى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئارىلىقىنى ھېسابلايدىغان سىفېرىك گېئومېترىيە، سىفېرىك ئۈچبۇلۇڭ قاتارلىق ماتېماتىكىلىق قوراللار بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ كىتاب يەنە ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ھەرىكىتىنى مۇلاھىزە قىلغان بولۇپ، ئاي بىلەن يەر، قۇياش بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىقنى ھېسابلايدىغان فورمۇلانى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، شۇنداقلا ئاي تۇتۇلۇش، كۈن تۇتۇلۇش قاتارلىق ھادىسىلەرنى بايان قىلغان. تولېمىنىڭ بۇ ئەسىرى بۇرۇنقىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال نەتىجىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر قەدەر مۇكەممەل سىستېما بولۇپ، تېلېسكوپ ئىختىرا بولۇشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ياخشى ئاسترونومىيە سىستېمىسى ئىدى. ئۇ غەرب ئاسترونومىيەسىگە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

پتولېمېينىڭ يەر مەركەز تەلىماتى يەرنى مەركەز دەيدىغان تەلىمات بولۇپ، ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشنى خۇلاسىلەش ۋە تەسۋىرلەشتىن كەلگەن، ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىلەردىكى يەرنى مەركەز دەيدىغان قاراش بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرىپى بار.

### ◀ قەدىمكى رىملىقلارنىڭ ئاتوم قارىشى

روكلەيس ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 99 ـ يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 55 ـ يىللار ) قەدىمكى رىمنىڭ ئاتوم نەزەرىيەچىسى. ئۇ قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ ئاتوم قارىشىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا شەرھلەپ ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاتوم قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇ يازغان «ماددىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى نەزەرىيە» ناملىق ئەسەر قەدىمكى دەۋردىكى ئاتوم نەزەرىيەسى پەلسەپەسىنىڭ چوققىسى ئىدى.

روكلەيس جىسىملارنىڭ چۈشۈشىنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇ جىسىملارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش تېزلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ ئوخشىماسلىق ئارىستوتېل ئېيتقاندەك جىسىم ئېغىرلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن چىققان بولماستىن، بەلكى ھاۋا ۋە سۇنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن قارشىلىق كۈچىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولىدۇ. ئېغىرلىق چوڭ بولغان جىسىمغا ھاۋانىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى كىچىك، شۇڭا تېز چۈشىدۇ؛ يېنىك جىسىمغا ھاۋانىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭ، شۇڭا تېزلىكى كىچىك بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار ۋاكۇئۇم (ھەقىقىي بوشلۇق)دا تۆۋەنگە چۈشسە، ئوخشىمىغان جىسىملارنىڭ تېزلىكى ئوخشاش بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ قاراشلار كېيىن گالىلېينىڭ ئەركىن چۈشكەن جىسىم قانۇنىنى تۇرغۇزۇشىغا ئاساس بولغان. روكلەيسنىڭ قارىشىدا دۇنيا بولسا ئاتومدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ چەكسىزلىككە ئىگە، شۇنداقلا داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە بىيولوگىيە جەھەتتىنمۇ بىر مۇنچە كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ ئادەممۇ تەبىئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ توختىماستىن ئىلگىرىلەپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغان.

روكلەيسنىڭ تەتقىق قىلغىنى ھەقىقىي ساپ مەنىدىكى ئىلمىي خىزمەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق مەنىدىكى سىياسىي مۇددىئا، ئىقتىسادىي مەقسەت، ھەربىي ئىشلار ياكى دىنىي مەقسەت ئارىلاشمىغانىدى. روكلەيسنىڭ ئاتوم قارىشى پەرەزلەردىن خۇلاسىلەنگەن بولسىمۇ، كېيىنكىلەرنىڭ ماددىلارنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكە بولغان.

### ◀ تېبابەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى

سىرىسۇس قەدىمكى رىمنىڭ مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياشىغان مەشھۇر تېۋىپى بولۇپ، ئۇ لاتىن يېزىقى بىلەن قەدىمكى يۇنانىنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلىرىنى رىملىقلارغا تونۇشتۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە تېببىي ئەسەرلەر ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ تېببىي ئەسەرلىرى كېيىن غەرب تېببىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ تاشقى كېسەل ۋە ئاناتومىيە جەھەتتىكى تونۇشتۇرۇشلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قايتىدىن ئەتىۋارلانغان، غەرب تېبابىتىنىڭ ئاناتومىيە ئاتالغۇلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان.

سىرىسۇستىن كېيىن يەنە بىر چوڭ تېۋىپ رىمدا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى گەيلۇن( مىلادى 129 ـ، 200 ـ يىللار ) ئىدى. ئۇ سىستېمىلىق بولغان ئاناتومىيە، فىزىيولوگىيە، پاتالوگىيە ئىلمىنى تۇرغۇزدى، بىراق ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خاتا ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىدا ئۇنىڭ قاراشلىرى تېببىي ساھەدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. بۇ تېبابەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى بوغۇپ قويۇش رولىنى ئوينىغان. تاكى 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ھارۋېي تەجرىبە ئىشلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاتا نەزەرىيەلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

### ◀ پىرىنىي ۋە «تەبىئەت تارىخى»

پىرىنىي (مىلادى 23 ـ، 70 ـ يىللار) قەدىمكى رىمنىڭ تەبىئەتشۇناسى. ئىتالىيەنىڭ شىمالىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئەدەبىيات، مۇنازىرە ئىلمى ۋە قانۇن ئۆگەنگەن. ياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋاقىتدا ئارمىيەگە قاتنىشىپ، ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ ئىسپانىيەنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىنى ۋە رىمنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ بىلىمى چوڭقۇر بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ مول ماتېرىيال توپلىغان. ئۇنىڭ يېزىپ چىققان «تەبىئەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىنى تەبىئىي پەنلەرنىڭ قامۇسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەر كېيىنكىلەرنىڭ تەبىئەت بىلىملىرىنى ئىگىلەشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغان.

«تەبىئەت تارىخى» 37 بابقا بۆلۈنىدۇ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا، تېبابەت قاتارلىق پەن تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پىرىنىي قەدىمكى دەۋردىكى 500 نەپەرگە يېقىن ئالىمنىڭ 2000 پارچىغا يېتىدىغان ئەسىرىنىڭ ئاساسىغا، 34704 تۈرنى تەبىئەت بىلىملىرىنىڭ توپلىمى قىلىپ تۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرنى راستتىنلا تەبىئىي پەنلەرنىڭ قامۇسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتاب كېيىنكىلەرنىڭ پايدىلىنىدىغان مۇھىم، قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغان. مىلادى 79 ـ يىلى ئىتالىيەنىڭ نابلىس شەھىرى ئەتراپىدىكى ۋېزۇۋىي يانار تېغى پارتلاپ، ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەرنى ھالاك قىلغان. پىرىنىي نەق مەيداننى كۆزىتىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ئۈچۈن تەكشۈرگىلى بارغان. بىراق ئۇنىڭ تۇرۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، زەھەرلىك گازدىن زەھەرلىنىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىشتا قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىشقا ھاياتىنى بېغىشلىشىنى تا ھازىرغىچە مەدھىيەلەيدۇ.

## ◀ قەدىمكى رىمنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ۋىتلوۋىي قەيسەر ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەربىي ئىشلار قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى بولغان. ئۇ يازغان «قۇرۇلۇش ھەققىدە» دېگەن ئەسەر ناھايىتى كەڭ تارقالغان، قۇرۇلۇش ئىلمى ساھەسىدىكى ئۇل خاراكتېرلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

«قۇرۇلۇش ھەققىدە» دېگەن بۇ ئەسەر جەمئىي ئون بابتىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى بابىدا قۇرۇلۇش قىلىش پرىنسىپلىرى؛ ئىككىنچى بابىدا قۇرۇلۇش تارىخى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى؛ ئۈچىنچى، تۆتىنچى بابىدا قەدىمكى يۇنان ئىبادەتخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكا مەسىلىلىرى؛ بەشىنچى بابىدا شەھەرنىڭ پىلانلىنىشى؛ ئالتىنچى بابىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر؛ يەتتىنچى بابىدا ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيى؛ سەككىزىنچى بابىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش تېخنىكىسى؛ توققۇزىنچى بابىدا ۋاقىت خاتىرىلەش ئەسۋابى؛ ئونىنچى بابىدا ئادەتتىكى قۇرۇلۇش تېخنىكىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ماتېرىيالى مول بولۇپ، قۇرۇلۇش ئىلمىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قامۇسى دېيىشكە بولىدۇ.

ۋىتلوۋىينىڭ تەسىر قىلىشى ۋە ھەربىي ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، رىم ئىمپېرىيەسىدە قۇرۇلۇش ئىشلىرى گۈللەنگەن. رىم ئىمپېرىيەسىدىن نۇرغۇن قۇرۇلۇش ئابىدىلىرى قېلىپ قالغان. ئالدى بىلەن رىم شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىمپېرىيەنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە يوللار ياسالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر تۈرلۈك قاتناش تورى شەكىللەنگەن. دەريالارغا كۆۋرۈكلەر سېلىنغان. رىمدا «رىمغا تارام ـ تارام يوللار تۇتاشقان» دېگەندەك ئەھۋاللار شەكىللەنگەن.

رىمنىڭ سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن ئىلغار بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىرغا يەتكەن. پەستىكى سۇنى يۇقىرىغا چىقىرىشتا ئۆزىگە خاس بولغان تېخنىكىلارنى ئەپچىللىك بىلەن قوللانغان. بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچىدىكى سۇ قۇرۇلۇشى بىر مىليون ئادەمنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ بېرەلىگۈدەك سەۋىيەگە يەتكەن. ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ سۇ يوللىرىنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ ئىشلىتىلمەكتە.

رىم شەھىرى گرانىت تاش ۋە بېتون قۇرۇلملىق قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، رىم شەھىرىدىكى چوڭ ئىبادەتخانا بىلەن گىلادىياتورلار مەيدانى رىملىقلار پەخىرلەنگۈدەك ئاجايىپ قۇرۇلۇش ئابىدىسى بولۇپ ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. چوڭ ئىبادەتخانىنى رىم ئىمپېراتورى خادىريانۇس مىلادى 120 ـ يىلدىن 124 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ياساتقۇزغان بولۇپ، ئىنتايىن مۇكەممەل ساقلانغان. ئۇ ئۇزىگە قەدىمكى رىمنىڭ ۋە قەدىمكى يۇناننىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، تولىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. گىلادىياتورلار مەيدانى مىلادى 72 ـ يىلدىن مىلادى 80 ـ يىللار ئارىلىقىدا ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۆت قەۋەتلىك كۆرۈش سۇپىسى بار. ئۇنىڭغا 50 مىڭ تاماشىبىن سىغىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رىمنىڭ بۇ خىل قۇرۇلۇشلىرىدا ئاممۇۋى مۇنچا قاتارلىق ئاممۇۋى ئەسلىھەلەر بار.

## ◀ يېزا ئىگىلىكى ۋە پار ماشىنىسىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسى

رىمنى يېزا ئىگىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان دۆلەت دېيىشكە بولاتتى. ئۇلار يېزا ئىگىلىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، نۇرغۇن مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان. كات (مىلادىدىن بۇرۇنقى234 ـ، 149 ـ يىللار) « يېزا ئىگىلىكى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى37 ـ يىلى سوتچى ۋالو كاتنىڭ ئەسىرى ئاساسىدا يېڭىدىن «يېزا ئىگىلىكى ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇنىڭدىن قەدىمكى رىمنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خېلون قەدىمكى رىمنىڭ داڭلىق كەشپىياتچىسى. ئۇ ئارخىمدقا تەقلىد قىلىپ نۇرغۇن تېخنىكىلارنى ئەمەلىيەتتە قوللانغان. ئۇ بىر تۈز ئوقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنالايدىغان ئىچى كاۋاك شارنى ياسىغان بولۇپ، بۇنى كېيىنكى سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن پار ماشىنىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇرۇلمىسى دېيىشكە بولاتتى.

مۇھەررىر: ئاللابەردى مجىت
ئېلخەت: yezuzi@163.com




## كەپتەر گۆشىنىڭ...

كەپتەر گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «بىر كەپتەرنىڭ گۆشى توققۇز توخۇنىڭ گۆشىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ» دەيدىغان گەپ بار.

ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە رولى

كەپتەر گۆشى تەركىبىدە ۋىتامىن A، ۋىتامىن B، E گۇرۇپپىسىدىكى ۋىتامىنلار، پانتوتېنىك كىسلاتا، شۇنىڭدەك كالتسىي، تۆمۈر، مىس قاتارلىق مىنېرال ماددىلار بار.

كەپتەر گۆشى تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاياللار، ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى ئاغرىقلار ۋە قان ئازلىققا گىرىپتار بولغانلارغا قارىتا كەڭ دائىرىدە قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

خەلق ئارىسىدا كەپتەر گۆشىگە باشقا دورىلارنى سەپلەپ باش قېيىش كېسىلى، ئاياللار كېسىلىنى داۋالايدىغان رېتسېپلار بار. كەپتەر گۆشى چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش ۋە ۋاقىتسىز قېرىپ كېتىش قاتارلىقلارغا قارىتا ناھايىتى ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە. كەپتەر گۆشى ئاسان ھەزىم بولىدۇ، بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، يەلنى ھەيدەش، زەھەرنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇپ، كېسەلدىن كېيىن تېنى ئاجىزلاپ كېتىش، قان زەئىپلىشىشتىن ھەيز توختاپ قېلىش، باش قېيىش، روھىي جەھەتتىن چارچاش، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى چېكىنىش قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، داۋالاش رولى بار.

كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشى بەدەندە ئاقسىلنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جاراھەتنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ. كەپتەرنىڭ قېنى ئوپېراتسىيە جاراھىتىنى تېز ساقايتىدۇ، كەپتەر باچكىسىنىڭ سۆڭىكى تېرىنى ئاق، يۇمشاق قىلىدۇ، تېرىنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى كۈچەيتىپ، مەڭزىنى قىزىل قىلىدۇ.

ئىستېمال قىلىشتا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

كەپتەر گۆشى ياشانغانلار، تېنى ئاجىز، ئاغرىقچان كىشىلەر، ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى ئاغرىقلار، ھامىلدار ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ئالاھىدە مۇۋاپىق كېلىدۇ. كەپتەر گۆشىنى ھوردا دۈملەپ ياكى شورپا قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

## ياتاق ئۆيگە ماي بوياق رەسىم ئاسماڭ

ئۆي ئىچىنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان رەسىملەر ئىچىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەسىلە مەۋجۇت: بىرىنچىدىن، بىر قىسىم رەسىم رامكىسى بىخەتەر ئەمەس، دەرىجىسى تۆۋەنرەك بولغان رامكىلار ئېغىر بۇلغىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆۋەن زىچلىقتىكى تالالىق تاختىدىن ياسىلىدۇ. بۇنداق تاختايلاردا فورمالدېھىد، بېنزول قاتارلىقلار ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. ئىككىنچىدىن، ماي بوياق رەسىملەرگە ئىشلىتىدىغان بوياقلارنىڭ تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا ستىبىي، ئارسېن، بارىي، سىماب، سېلىن قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار، بۇ ئېغىر مېتاللارنى ئادەم كۆپ سۈمۈرۈۋالسا سالامەتلىككە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. باسما ئەسەرلەر، سۇ بوياق رەسىملىرى، جۇڭگوچە رەسىملەر نىسبەتەن بىخەتەر بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بىر قىسىم يېپىشقاق تەركىبلىك ماتېرىياللاردىمۇ كۆپ مىقداردا فورمالدېھىد ۋە بېنزول بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن سىر ۋە يېلىم ئاز ئىشلىتىلگەن، بەك قېنىق رەڭلەر ئىشلىتىلمىگەن رەسىملەرنى تاللاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بۇ رەسىملەردىن دىماغنى غىدىقلايدىغان پۇراق چىقىدىغان - چىقمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. رەسىمنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ھاۋا ئۆتۈشىدىغان يەرگە بىر مەزگىل قويۇپ، ئاندىن تامغا ئېسىش كېرەك.

## بىلىۋېلىڭ...

**كۆزدە سوغۇق سۇدا يۇيۇنسا...**

كۆزدە سوغۇق سۇدا يۇيۇنسا، ئادەم بەدىنىنىڭ مۇھىت ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يۇيۇنۇش ۋاقتى 15 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**بوۋاقلارنىڭ توڭلىغان - توڭلىمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى:**

بوۋاقنىڭ تەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىز بولغاچقا، ئاتا - ئانا بوۋاقنىڭ شامالداپ قېلىشىدىن كۆپ ئەنسىرەيدۇ. ئادەتتە، بوۋاقنىڭ پاتىڭىنى سىلاپ كۆرسىلا، مۇزلىغان - مۇزلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

مۇھەررىر: پەرىدە تۇردى
ئېلخەت: paridaturdi@126.com

# نېمە يەتسۇن ساغلام ھاياتقا

◉ ئالمجان قادر شپائي

كونىلاردا «تەن ساقلىق — زور بايلىق»، «ساغلام تەندە ساپ ئەقل» دېگەندەك ھېكمەتلەر بار. ئەلۋەتتە، ساغلاملىق كشلەرنىڭ بارلىقى بولماسلىقى مۇمكن، براق ساغلام بولمغان ئادەمنىڭ ھېچ نەرسسى بولمايدۇ. دۆلتمىز ئىقتسادىنىڭ تېز ئېششى، كشلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ بارغانچە يۇقىرىلىشىغا ئەگىشپ، كشلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ساغلام ياشاش ئارزۇسمۇ ماس ھالدا كۈچىيىپ بارماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھتىنىڭ بارغانچە بۇلغىنىشى، تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كېلىپ چىقۋاتقان بىر قاتار پاسسىپ ئامىللار ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە ھاياتىغا زور تەھدىت سالماقتا. شۇڭا نۆۋەتتە ساغلاملىق كىشلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

ساغلاملىق — تەن ساقلىقى ۋە روھىي ساغلاملىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەن ساقلىقى روھىي ساغلاملىقنىڭ ئاساسى، روھىي ساغلاملىق تەن ساقلىقىنىڭ كاپالىتى. يەنى تەن ساقلىقى كىيىمنىڭ پۈتۈنلۈكى، پاكىزلىقىغا، روھىي ساغلاملىق — ئۇنىڭ دەزماللانغان ياكى ئەمەسلىكىگە ئوخشايدۇ. يىرتىق، مەينەت كىيىمگە دەزمال سالسىمۇ بىكار، ئەكسىچە بولغاندا كىيىم ئېخىمۇ چىرايلىق، جەلپكار بولىدۇ.

كىشلەرنىڭ ساغلاملىق ھەققىدىكى تونۇشى ھەر خىل، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا نورمال يەپ، نورمال چىقىرىش، نورمال ئۇخلاپ، نورمال ئويغىنىش — ساغلاملىقنىڭ ئاساسى ئىپادىسىدۇر. يەنى تېنى ساغلام ئادەمدە نورمال ماددا ئالمىشىش بولىدۇ، روھى ساغلام ئادەمدە ئاۋۋال نورمال ئۇيقۇ بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ساغلام بولۇش - بولماسلىقى ئىرسىيەت، تۇرمۇش ئادىتى، يېمەكلىك، ئائىلە - نىكاھ مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي سەۋىيەسى، كۆتۈنۈش ۋە داۋالىنىش شارائىتى قاتارلىق كۆپلىگەن ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىرسىيەت قاتارلىق بەزى ئامىللارنى ئۆزگەرتكىلى بولمىسىمۇ، «سەۋەب قىلسا سېۋەتتە سۇ توختار» دېگەندەك توغرا تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتكەندە بەلكىم ئۇزۇنراق ھەم ياخشىراق ياشىغىلى بولۇشى تامامەن مۇمكىن.

نۇرغۇن ياشلار ئۆزىنى ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممە كېسەللىك ياشلىقتا باشلىنىپ، ياشانغاندا سىز بىلەن ھېسابلىشىدۇ. شۇڭا ياشلىقتىن باشلاپ توغرا كۆتۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تۆۋەندىكىلەرنىڭ بەلكىم سىزگە ياردىمى بولۇشى مۇمكىن:

**بىرىنچى، توغرا غىزالىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.**

«قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» يېتەرلىك، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش — ساغلاملىقنىڭ ھۇلى. ئۈچ ۋاق تاماق ئىنتايىن مۇھىم. ئاتىلار ئەتىگەندە ياخشى يېيىش، چۈشتە تويۇپ يېيىش، كەچتە ئازراق يېيىش كېرەك، دەيدۇ. بۇنىڭ ھەقىقەتەن ئىلمىي ئاساسى بار. چۈنكى، ئەكسىچە بولغاندا ھەر خىل كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەتىگەندە ناشتا قىلماسلىق ياكى كەچلىك تاماق يېمەسلىك ئىلمىي بولمىغان ئادەتتۇر.

نورمال ئەھۋالدا ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇقنىڭ 50% ى قەنت تۈرىدىكى يېمەكلىكلەردىن، 30% ى ئاقسىلدىن، 20% ى مايدىن كېلىدۇ. شۇڭا تاماقنىڭ تەركىبى مۇۋاپىق بولۇشى زۆرۈر. ئادەم يەنە



كۆپلىگەن مىكرو ئېلېمېنت ۋە ۋىتامىنلارغا ئېھتىياجلىق. شۇڭا تاماق تاللىماسلىق، چوقۇم مەلۇم مىقداردا مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئىستېمال قىلىش كېرەك.

سۇ— ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، ئادەم بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى سۇ. يېتەرلىك سۇ ئىچىپ بەرگەندە ماددا ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىدۇ، بەدەندىكى زەھەرنى تازىلايدۇ، جىگەر، تالنى ياشارتىدۇ. قەھۋە قاتارلىق ھەر خىل ئىچىملىكلەرنى ئاز ئىچىش، چاينى بەك قېنىق دەملىمەسلىك، پەقەت ئۇسسىغاندا ئەمەس، دائىم سۇ ئىچىشنى ئادەت قىلىش كېرەك.

ئالغاننىڭ بەرمىكى بولىدۇ. يېگەن - ئىچكەننى ۋاقتىدا چىقىرىپ تۇرۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، چوڭ - كىچىك تەرەتتە ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق تەركىب ۋە زەھەرلىك ماددىلار بولىدۇ، بەدەندە ساقلىنىپ تۇرغان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى سالامەتلىككە بولغان زىيىنى شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا كۈندە ئاز بولغاندا بىر قېتىم چوڭ تەرەت قىلىش، كىچىك تەرەتنى مەجبۇرى يىغماسلىق كېرەك؛

### ئىككىنچى، قانداق ھەرىكەت قىلىشنى بىلىۋېلىڭ.

بىزدە «ھەرىكەتتە بەرىكەت»، «ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ» دېگەندەك ئاتىلار سۆزى بار. مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىشنىڭ سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بىراق قانداق بولسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلىشى ناتايىن. چۈنكى ئوخشىمىغان ياشتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى سالامەتلىك ئەھۋالىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ.

ياشلار ئامال بار ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك قاتنىشىشى، بىراق چوقۇم ئىلمىي بولۇشى، زەخمىلىنىشتىن ساقلىنىشى زۆرۈر. نۇرغۇن كىشىلەر ياش ۋاقتىدا چېنىقسىمۇ، مەلۇم ياشقا بارغاندا توختىتىپ قويىدۇ - دە، تېزلا سەمرىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۈزۈلدۈرمەي ھەرىكەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

پىيادە يول مېڭىش — ھەممە ياشتىكى كىشىلەرگە ماس كېلىدىغان ئەڭ ياخشى ھەرىكەت ئۇسۇلىدۇر. ۋاقتى يېشىغا قاراپ يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە بولسا بولىدۇ. سۈرئىتى دەسلەپ ھەر مىنۇتتا 60 تىن 80 قەدەمگىچە، كېيىن تەدرىجىي تېزلىتىپ، 100 دىن 120 قەدەم ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ھەممە ئادەم ئۆز ۋاقتىغا قاراپ، مەيلى ئەتىگەن ياكى كەچ بولسۇن، ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەرىكەت قىلسا بولىۋېرىدۇ. بىراق ياشتا چوڭ، بولۇپمۇ دىيابېت كېسىلى بولغانلار ئاچ قورساق ھەرىكەت قىلماسلىقى كېرەك، تاماقتىن كېيىنكى يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە بولغان ۋاقىت ھەرىكەت قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق.

ئامال بار ئۆي سىرتىدا، ھاۋاسى ساپ، شاۋقۇن - سۈرەن ئاز، تۈز يەردە ھەرىكەت قىلىش كېرەك. ئېگىز - پەس يەرلەر، بىنالارنىڭ پەشتىقى، تاغ - جىلغىلار چېنىقىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، بۇنىڭدا ئاسانلا سۆڭەك - بوغۇملار زەخمىلىنىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا سۇ ئۈزۈشمۇ يۈرەك ۋە ئۆپكە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ھەرىكەت ئۇسۇلىدۇر.

### ئۈچىنچى، نورمال بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى ساقلاڭ.

نورمال بەدەن ئېغىرلىقى دېگىنىمىز بوي ئېگىزلىكىدىن 100 نى ئېلىۋەتكەندىكى ساننى كۆرسىتىدۇ. (ئاياللاردا 105 نى ئېلىۋېتىمىز). يەنى بوي ئېگىزلىكى 170 سانتىمېتىر بولغان ئەر كىشىنىڭ نورمال ئېغىرلىقى 70 كىلوگىرام بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. شارنى بەك پۈدىۋەتسە ئېتىلىپ كېتىدۇ، ئوخشاشلا پەچاقنى بەك بىلىۋەتسىمۇ سۇنۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بەك سېمىز بولۇشمۇ ياكى بەك ئورۇق بولۇشمۇ پايدىسىز. نورمال بەدەن ئېغىرلىقىنى ساقلاشتا ھەرىكەت ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بەك مۇھىم. پەقەت پۇللا تېپىپ خەجلىمىسىڭىز پۇلىڭىز كۆپىيىدۇ، باي بولىسىز، ئەكسىچە پۇل تاپماي خەجلەپلا ياتسىڭىز پۇلىڭىز قالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش يەپلا ھەرىكەت قىلماي ياتسىڭىز سەمرىيسىز، تاماق يېمەي يۈگۈرۈپلا يۈرسىڭىز ئورۇقلاپ كېتىسىز.

### تۆتىنچى، ئۆزىڭىزگە ئارامبەخش كىشىلىك مۇناسىۋەت بەرپا قىلىڭ.

روھىي كەيپىياتنىڭ سالامەتلىككە بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. ئۆزىڭىزنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش بىلەن بىرگە ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ ئىناق ئائىلە مۇھىتى بەك مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭ، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەڭ. ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىڭ. خىزمەت ئورنىڭىزدا ۋە جەمئىيەتتە باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭ، ئامال بار زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ. مەن ئۇچراتقان يۈرەك ئارتېرىيە قان تومۇرىغا تىرەك قويۇلغان كۆپ قىسىم بىمارلار ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئىنكاس قىلغان.

### بەشىنچى، ناچار تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ.

بىزدە «ئېشەك بىر قېتىم پۇتى پېتىپ قالغان كۆۋرۈكتىن قايتا ئۆتمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان، ياپياش ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى دائىم كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ تۇرىمىز. شۇڭا دائىم ئۆزىڭىزنى ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ، ھايات پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ساغلام بولمىسىڭىز ھەممىدىن قۇرۇق قالىسىز. ئۇنى قەدىرلەڭ، ئىمكانقەدەر ئۆلۈمدىن يىراق بولۇشقا ئۇرۇنۇڭ.

ئاخىردا تەۋسىيە قىلىدىغىنىمىز، ساغلاملىققا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىڭ، بەدىنىڭىزدە غەيرى ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە ۋاقتىدا داۋالىنىڭ. چۈنكى، كېسەلنى باشلىنىشىدا داۋالىغاندا چىقىم ئاز بولۇپلا قالماي، ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانا كادىرلار بالنىستى ئىچكى 1 - بۆلۈمدە)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

◉ ئابلەت ئابدۇللا



# ئۇ چىنچى شەخس

— بىر چوكاننىڭ ھەقىقىي كەچۈرمىشى

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

2009 – يىل 2 – ئاينىڭ 19 – كۈنى

بۈگۈن ئۇنى كۆرمىگەنگە ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانغا يەتتە كۈن بولدى، ئەتىگەندىن باشلاپ ئۇنى ئەمدى ئويلىمايمەن ھەم تېلېفون قىلمايمەن، ئۇچۇر يازمايمەن دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلغاندىم. شۇڭا ئۆزۈمنى خۇشال تۇتۇپ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئادەملەر بارغۇ دەپ ئويلاپ يۈردۈم. قىرىشقاندەك كېچىچە ئۇنى چۈشەپ قاپتىمەن. ئەتىگەن ئويغىنىپ كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى، ئۆزۈمنى قاتتىق سىلكىپ: «ھەي گۈلجامال، سەن نېمە بولغان ئايال، ئاشۇ ئىككى يۈرەك پارەڭنىڭ دادىسىنى ئۇنۇتقان ئادەم ئەرزىمەس ھەيدەرنى ئۇنتۇپ كېتەلمەمسەن؟!...» دەپ ئۆزۈمگە كايىدىم. راست، مەن گۈلدەك ياشلىقىمدا تۇنجى مۇھەببىتىمنى بەرگەن، ئاشىق بولۇپ، جېنىمدىن ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنى ئۇنتۇدۇم. ئۇنتۇدۇم دېسەم مېنى ئۇچمە كۆڭۈلكەن دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئۇنى بىر مىنۇت ئۇنتۇپ قالمايمەن، ئۇنى ئۇنتاي دېسەممۇ ماڭا ئامال يوق، تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانمۇ بىلمىدىم، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم، ئەتىسى يەنە كۆرىمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ مەلەمدىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ كۈندە نەچچە قېتىم ئۆتىدۇ. بىزگە بىللە بولۇشقا پەقەت ئامال يوق، چۈنكى ماڭا كۆيۈپ، ماڭا چىدىمايدىغان ئاشىقىم بۇ ئائىلىنى ئەسلىگە كەلمەس قىلىۋەتتى. ماڭا ئازراقمۇ يول قالمىدى. قاھار مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ ۋىجدان – غۇرۇرى بەك كۈچلۈك، ئۇ كۆڭلى پەس، نامەرد ئادەملەردىن ئەمەس، ھەيدەردەك مەيدانسىز ئەمەس.

ھەيدەر سىز زادى قانداق ئادەم؟! مەن سىزنى پەقەت چۈشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن، ھازىر قارىسام سىز خاتىرجەم، بەختلىك ياشاۋاتقاندەك تۇرىسىز، مەن بولسام بۇ يەردە ھەسرەت چېكىۋاتىمەن، ئىچىم بەك قايناۋاتىدۇ، سىز خۇددى ماڭا چىدىمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ باللىرىمنىڭ دادىسىغا تېلېفون بەرگەنىدىڭىزغۇ... مەنچۇ، مەن چىداپ تۇرايمۇ، بۇ يەردە قان يۇتۇپ تۇرايمۇ... ياق، مەن چىدىمىدىم، ئۇ قىلغاننى مەن قىلسام نېمىشقا بولمايدىكەن!

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا ئۇچۇر قىلىپ ئۆزۈمنىڭ ھەيدەر بىلەن ئايرىلمىغانلىقىمنى، داۋاملىق ئارىلىشىۋاتقانلىقىمنى، ئۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى... دېدىم...

بۈگۈن مەن خېلى خۇشال، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ ئويلاۋاتقانسىلەر. بۈگۈن ئۇ ماڭا تېلېفون قىلدى، تېلېفوندا ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭغا ماشىنا ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن بۈگۈن ئۆزۈمگە بەرگەن ۋەدەمگە يەنە خىلاپلىق قىلدىم، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆچكە مايلىرىم ئېرىپ كەتتى... ئۇ ماڭا تېلېفوندا «مەلەڭگە چىقايمۇ؟» دېدى. مەن «ئەمدى چىقالمايسىز!» دېسەم، «چىقىمەن!» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مەن شۇنچىلىك خوش بولۇپ كەتتىم. ھەتتا خۇشاللىقىم تېشىمغا چىقىپ كېتىپتۇ.

راست دېگەندەك ئۇ كەلدى، «كەلدىم!» دەپ تېلېفون قىلغاندى، شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتىم. مەن چىقتىم، ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇ شۇنچىلىك رەتلىك كىيىنگەن، قارا ماشىنىسى ئۆزىگە شۇنچىلىك ياراشقاندى. ئۇنىڭغا ئىچىم تارلىق قىلدى، ئۇنى كۆردۈم – يۇ، سەپسېلىپ قاراشقا پېتىنالمىدىم. ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنغان

دىم... خالىي يەردە ئۇنىڭغا پۈتۈن دەردلىرىمنى تۆككۈم بار
ئىدى، تولىمۇ ئەپسۇس، ئاپىسى تېلېفون قىلىپ، ئۇنى تېزرەك
كەل دەپ چاقىردى.

مەن ماشىنىسغا چىقتىم. خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك،
چۆچەكلەردىكى ئۇچار گىلەم ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئول-
تۇرغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. بىز مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ نا-
ھايىتى قىسقا ۋاقىت بىللە بولالىدۇق. كېيىن چۈشۈپ قالدىم.
ئۇ كەتتى، يۈرىكىمنى ئېلىپ كەتتى. كەينىدىن قاراپ قالدىم.
بوپتۇ، ئاز ۋاقىت بولسىمۇ ئۇنى كۆردۈم، بىللە بولدۇم، شۇن-
داق خۇش بولدۇم. ھازىر ئازراق يېنىكلەپ قالغاندەك قىلى-
مەن، شۇڭا كۆڭلۈم بىر ئاز ئېچىلىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ
ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا (ئايالىغا) تېخىمۇ ھەسەت قىلغۇم كەلدى،
ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك! ئاھ خۇدا، مەن نېمە بولغان ئادەم،
تەقدىر نېمىدېگەن رەھىمسىز. مەن ئەمدى ئۇنى قاچان كۆ-
رەرمەن؟ بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرىم قانداق ئۆتەر، مەن زادى
قانداق قىلسام بولار؟ ئەي خۇدا، ئۇ زادى قايسىمىزنى ھەقىقىي
ياخشى كۆرەر؟... مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلالمىدىم. مەن نېمىدې-
گەن يارىماس ـ ھە!

سائەت 10:30 بوپتۇ، قىزىم ئۇخلايلى دەيدۇ، بەك چار-
چاپ كەتتىم، ئەمدى ئارام ئالاي...

2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، چارشەنبە

بۈگۈن يەنە خاتىرە يازغۇم كېلىپ قالدى. بىراق، نېمىنى
يازاي؟ ئۇنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىنىمۇ ياكى
كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقىنىمۇ؟...

كۈنلىرىم شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز ئۆتۈۋاتىدۇ، ئامال يوق
ياشاۋاتىمەن، ئەرزىمەس ئادەملەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرغىنىم بىكار
ئىكەن، يا ئۇلار كۆرمىسە، يا قەدرىمگە يەتمىسە!... كۈنلىرىم
سېغىنىش ۋە كۈتۈش بىلەنلا ئۆتۈۋاتىدۇ. ھەيدەرنىڭ تېلېفون
ئۇرۇشلىرىمۇ ناھايىتى ئازلاپ كەتتى. ھەتتا مېنىڭ ئۇچۇرلىرى-
غىمۇ جاۋاب قايتۇرمايۋاتىدۇ، ئۇ بەك ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئۇ بارلىق ئەيىبنى ماڭا ئارتىپ قويۇپ، باھانە تېپىپ،
شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟! ئۇ ماڭا ئاشىق ئىدىغۇ؟ بىر ـ بى-
رىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئاشىقلارنىڭ ھېچنېمىگە قارىماي
مۇرادىغا يەتكىنىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاشىق بولغان ئادەم ھەرقانداق
توسالغۇنى يېمىرىپ تاشلىشى كېرەك ئەمەسمىدى!... قارشىلىقتىن
قورققان ئاشىقلىق قانداقمۇ ھەقىقىي ئاشىقلىق بولسۇن؟

ھەيدەر ئەسلىدە بىر ئالدامچى ئىكەن، ساختىپەز، قوي
تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرە ئىكەن. مەن نېمە دېگەن دۆت،
ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇنىڭ كەينىدە «توي قىلىمەن!» دەپ شى-
رىن خىياللارنى قىلىپ يۈرۈپتىمەن. ئۇنىڭغا نېمانچە ئىشىنىپ
كەتكەندىمەن، نېمىشقا كۆڭلۈمنى بەرگەندىمەن... ئەمدىچۇ،
پۈتۈن نەرسىدىن ئايرىلىپ زىيان تارتىپ ئولتۇردۇم. ئۇ مېنىڭ
ئاق كۆڭۈللۈكىمدىن پايدىلىنىپ مېنى ئەخمەق قىلدى، مېنى
خاتىرجەملىكىمدىن، خۇشاللىقىمدىن مەھرۇم قىلدى.

ئۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم، غەمسىزدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما
شۇنچە قورقۇنچاق. بىر كىتابنى ئوقۇسام: «سۆيگۈ قورقۇشتىن
خالىيدۇر، ھەقىقىي سۆيگۈ قورقۇشنى يېڭىدۇ» (ئا. بلوك)
دەپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭ سۆيگۈسى ھەقىقىي ئەمەس،
ساختا ئوخشايدۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ ماڭا قارشى تۇرغىنىنى باھانە
قىلىپ (راست ـ يالغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟) شۇنداق قىلىۋاتاما-





دىغاندۇ ياكى مېنى ئالداۋاتامدىغاندۇ...

بىز يەنە كۆرۈشتۇق، ئەمما ۋاقتىمىز قىسقا بولدى، ئۇنىڭ
گەپلىرىمۇ ئازلاپ كېتىپتۇ. بۈگۈنمۇ كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم،
ئۇنى بەك سېغىنىۋاتىمەن. مانا ھازىر سائەت 10:00 بولدى،
ئۇنىڭدىن ئۇچۇرمۇ يوق. بەلكىم شۇ تاپتا ئۇخلاپ قالغاندۇ، يا
ئايالىنى قۇچاقلاپ ياتقاندۇ...

ئۇنى شۇنداق سېغىنىۋاتىمەن، ئويلاۋاتىمەن، بۇ خىياللى-

www.uyghurkitap.com



رىمنىڭ ھەممىسىنى خاتىرەمگە يېزىۋاتىمەن. بىراق، بۇنى يازغاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ يا بۇنى ئۇ كۆرمىسە، ئوقۇمىسا... ئەمدى ياتاي، ياتساممۇ بەربىر ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، بىراق قىزىم ئۇخلىمايۋاتىدۇ، مەن ياتمىسام ئۇ ئۇخلىمايدۇ. خەيرى - خوش سائەت **10:30** بوپتۇ.

### 2009 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

خاتىرەمنى قولۇمغا ئالمىغىلى توپتوغرا ئىككى ئاي بوپتۇ، ئارىلىقتا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. بۇلارنى پەقەت يازغۇم كەلمىدى، يەنە يازسام يەنە شۇ، ئۇلارنىڭ ئۆي تۇتۇۋاتقانلىقى، مېنىڭ ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىم، خالاس. ئويلىسام ئۆزۈم ئازابلىنىدىكەنمەن، ئۇلار ھازىر بەختلىك ئۆتۈۋاتقاندەك تۇرىدۇ. كۆرۈپ باقاي قانچىلىك بەختلىك ئۆتىدىكىن!...

ئۇنى توپتوغرا 15 كۈن كۆرمىگەچكە دەردىدە ساراڭ بولاي دەپ قالغانىدىم. ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنىش ئىچىدە كۈنلىرىمنى تەستە ئۆتكۈزدۈم، ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ:

يىللارنى ئۆتكۈزدۈم لۈۋمنى تامشىپ،
بىراق، ئاي سانىماق تەس ئىكەن ئاندىن.
ھەپتە سانىغاندا خىيالچان بولۇپ،
كۈنلەرگە ئۆتكەندە ئۈيقۇدىن قالدىم.
سائەتنىڭ ئۆتمىكى ئۆمۈردىن ئۇزاق،
مىنۇتلار ئازابى كەتكۈزدى ھالدىن.
مۇبادا، ئالدىمغا چىقمىغان بولساڭ،
بىر يولى خوشلاشقان بولاتتىم جاندىن.

دېگىنى مېنىڭ بېشىمغا كەلدى.

بۇ ئىككى ئاي جەريانىدا شۇنچىلىك ئېغىر ئاھانەت، بېسىملارغا ئۇچرىدىم، يەنىلا چىداپ كەلدىم.

بىزنىڭ ئالاقىمىز پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، مەن ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىكەنمەن. بۇنى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بىلدىم. بىراق، ئۇ ماڭا ئىشەنمەيدۇ، قەلبىمنى چۈشەنمەيدۇ.

ئاخىر ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ بەك چىدىيالماي كەتكەنلىكىمنى، شۇڭا يىراققا كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ دەرھال: «ھېچ يەرگە كەتمە، مەن ھازىرلا بارىمەن!» دەپ ئۆتۈندى.

بۇ سىم - سىم يامغۇرلۇق قاراڭغۇ كېچە ئىدى. ئۇ چىقتى، بىز پاراڭلاشتۇق، ئۇنى كۆرۈپ خوش بولدۇم، كۆڭلۈم خېلى ئارام تېپىپ قالدى...

مانا بۈگۈن يەنە كۆرۈشتۇق، بىللە دەريا بويىغا باردۇق، ئەتراپ ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. ئالدىمىزدا ئۆركەشلەپ - دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى، توقايلىق، بۈككىدە ئورمانلىقتىن ئاڭلىنىۋاتقان بۇلبۇل، كاككۇكلارنىڭ ئاۋازى... ئادەم مۇنداق گۈزەل يەرگە كەلسە دەردلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ شۇنچىلىك خۇش بولدۇم. بىر دوستۇم بىز بىلەن بىللە بارغانىدى، ئۇمۇ خۇشال بولدى.

تۈنۈگۈن بازاردا بالىلىرىمنىڭ دادىسىنى ئىككى قېتىم ئۇچراتتىم، كۆرۈشتۇق. ئۇ بىزگە شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلدى، پۇل بەردى. ئۇ كەتتى، ئۇنىڭ كېتىۋاتقىنىغا قاراپمۇ قويمىدىم. بازار ئايلىنىپ ھەيدەرنىڭ ماشىنىسىنى ئىزدىدىم، تاپالمىدىم. مەن ئۇنىڭغا نېمانچە پەرۋانە بولىدىغاندىمەن؟

زادى قانداق قىلىشىمنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭدىن بىراقلا ئايرىلىپ كېتەي دېسەم چىدىمايدىكەنمەن. ئايرىلىشىپ ئۆتۈۋېرەي دېسەم يەنە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا يۈرىكىم سۇ بولۇپ كېتىدىكەن. زادى قانداق قىلسام بولار!...

ھە راست، بۈگۈن خىزمەت تاپتىم. ئەتىدىن باشلاپ ئىشلەيمەن. ئەمدى ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ پۇل تاپىمەن. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى چوڭ تۇتۇپ، ئۆز يولۇمنى ئۆزۈم تېپىپ، باشقىلارغا ھاجەتمەن بولمايمەن. كۈنلىرىمنى خۇشال ئۆتكۈزىمەن. ھاياتىمدا مەيلى ھەيدەر مەۋجۇت بولسۇن، بولمىسۇن ئەمدى ئاھ ئۇرمايمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام نېمە بوپتۇ؟ ئۆزۈمنىڭ جان - جىگەر، كۆيۈمچان دادامدىن ئايرىلىپمۇ ياشاۋاتىمەنغۇ يەنە! دادامنىڭ ئالدىدا بۇلار نېمە ئىدى؟ كۆيۈك - ئازابلارغا كۆنۈپ قالدىم. بۇلار مېنى ھەرگىز يېقىتالمايدۇ. ئېزوپ دېگەن كىشى: «بېشىڭغا قايغۇ چۈشكەندە، ئەتراپىڭغا قاراپ ئۆزۈڭنى باس، ساڭا قارىغاندا تەقدىرى تېخىمۇ ئېغىر كىشىلەرمۇ بار» دېگەن ئىكەنغۇ! راست دەيدۇ، مېنىڭدىنمۇ دەردمەن، ھەتتا كۈنلۈك يەيدىغىنىنىمۇ تاپالمايۋاتقان كىشىلەر مەھەللىمىزدە ئازمۇ؟..

### 2009 - يىل 6 -ئاينىڭ 26 - كۈنى (يەكشەنبە)

خاتىرىنى قولۇمغا ئالمىغىلى يەنە بىر ئاي بوپتۇ. خەت يازغۇممۇ كەلمىدى، شۇنداقلا ئىشلەپمۇ بىكار بولالمىدىم.

مۇشۇ كۈنلەردە كەيپىياتىم تازا ياخشى ئەمەس، كۆڭلۈم بەك يېرىم. ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە ئىچى تارلىق قىلىپ، يۈرىكىمنى بىر نەرسە يەپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. پەقەت چىدىيالمايۋاتىمەن. قانداق قىلسام بولار؟! ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ - قوپۇۋاتقانلىقىنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن. ئۇ نېمانچە قورقۇنچاق، يارىماس نەرسىدۇر؟ ئۇنى ياخشى

كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ.

ئۇ ئۈچ يىلدىن بېرى يالغان سۆزلەپ مېنى ئالداپ كېلىۋاتىدۇ. مەنمۇ دۆتلۈك قىلىپ ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ شېرىن خىياللارنى قىلىپ يۈرىمەن...

قاش يېزىسىدىكى ھېلىقى دوستۇممۇ ماڭا ئوخشاش مۇھەببەتتە ئالدىنىپ زەربىگە ئۇچراپتۇ. ئىككىمىز دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشتۇق. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەر ئۇنى شائىرە قىلىپ قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ ماڭا ماس كېلىدىغان بەزى شېئىرلىرىنى خاتىرىسىدىن كۆچۈرۈۋالدىم. كۆڭلۈم يېرىم بولغان كۈنلىرى شۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ يىغلايمەن، ئۆزۈمگە تەسەللى ئىزدەيمەن. ئۇنىڭ بىر شېئىرى مۇنداق ئىدى:

نېچۈن سۆيمەي چىن دىلدىن مېنى،
ھەم سۆيدۈرۈپ، سۆيدۈك ئۆزگىنى.
ئۆكۈنىمەن ئالدانغىنىمغا،
بەرگەن ۋەدە، سۆزلىرىڭ قېنى؟!

ۋاپادارلىق داستانى كۈيلەپ،
ساداقىتىڭ سېنىڭ شۇمىدى؟
كۆزلىرىمدىن ئاققۇزدۇڭ قان ـ ياش،
مەن ئىشەنگەن سۆيگۈڭ شۇمىدى!؟...

ئۇ خۇددى مېنى يازغاندەكلا، توۋا!...

ھەيدەر تۈنۈگۈن «ئاغرىپ كېسەلخانىغا كىرىپ قالدىم» دەپ ئۇچۇر يوللاپتۇ. پەقەت ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئەگەر راست بولسا ئۇچۇپ بارغان بولاتتىم.

مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلدىم. پۇلى يوق چاغلاردا يېنىمدىكى پۇللىرىمنى خەجلەپ بەردىم. ئۇنى ياخشى كۆرمىسەم مۇنداق قىلىپ نېمە كەپتۇ ماڭا. ئەمما ئۇ مەندىن پايدىلىنىۋاتقاندەك، مەن ئۇنىڭغا ئالدىنىۋاتقاندەك تۇرىمەن. شۇڭا ئەمدى بولدى قىلاي دەيمەن. ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتىمەن. مېنىڭ ئازاب ئىچىدە ئۆتۈۋەرگۈم يوق.

ئەمدى بىلىۋاتىمەن، ئۇ ئايالى بىلەن مېنى تەڭلا قولىدا تۇتۇپ تۇرماقچى. بولۇپمۇ مېنى كولدۇرلىتىپ، مەندىن پايدىلانماقچى. ئىچ پۇشۇقنى چىقارماقچى. كۆڭلۈم سېزىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ئايالى بىلەن ھەرگىز ئاجراشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى تارتمىسام بولمايدۇ. ئاخىرىدا پۈتۈنلەي زىيان تارتقۇچى مەن بولۇپ قالىمەن.

ئالاقىمىز بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى ئايالى بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. ئەمما، ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ باشقىلارنىڭ قوينىدا يېتىشقا پەقەت چىدىمايمەن. مۇنداق دېسەم «سەن دۆتمۇ، ئۇ دېگەن ئۆزىنىڭ ئايالى تۇرسا!» دېيىشكىلار تۇرغان گەپ. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئاجرىشىش قەغىزىنى كۆرۈپ، ئايالى يوق بويتاق دەپ بىلىپ سۆيگەن، كۆيگەن، ئۇ ھېلىمۇ «ئاجرىشىمەن، ئايالىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، سەنسىز ياشىيالمايمەن، پەقەت ئاپام، ئوغلۇمنى دەپلا بۇ ئۆينى تۇتۇۋاتىمەن...» دەۋاتسا... مەن نېمىشقا ئىچى تارلىق قىلمايمەن. ئىچىم ئۆرتىنىپ كېتىۋاتسا...

مانا ئۇنىڭدىن ئۇچۇر كەلدى، قايتۇردۇم، ئەمما ئۇ ماڭا جاۋاب قايتۇرمىدى. تاقىتىم تاق بولدى. مۇنداق كۈتۈشلەردىن تويدۇم، ئۇنداق ئادەم ئۇچۇر قىلمىسا بولمامدۇ؟ بولدى ئەمدى، بەك چارچىدىم، ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىغۇدەكمەن. ئۇنى ئەركىن ياشاشقا قويۇپ بېرەي، شۇ چاغدا ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇ يا مەن بىلەن ئۆتىدۇ ياكى ئايالى بىلەن. شۇڭا ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك. نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپ، ئايرىلغان ئېرىمگىمۇ چىدىدىم. ئۇنىڭ ئازابلىرىنى ئۇنۇتتۇم. بۇ مەن ئۈچۈن نېمە ئىدى؟ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر...

## 2009 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى (سەيشەنبە)

ئەسلىدە بۇندىن كېيىن خاتىرە يازمايمەن، دەپ قەلەمنى توختاتقانىدىم. چۈنكى مەن يازغان ۋەدىلىرىمگە ئەمەل قىلالمىدىم. شۇڭا خاتىرەمنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەنىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلىپ كېتەلمىدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىدىيالمايدىكەنمەن. ئۇنى ئۇنتۇشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن، ئايرىلالماس بولۇپ قىلىۋاتىمەن. ئۇمۇ ھازىر ماڭا شۇنچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئايرىلماسلىقىمىز مۇمكىن.

يېقىندا ئۇنىڭ بىلەن دەھشەتلىك بىر ھادىسىنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ئويلىسام ھازىرمۇ قورقىمەن. ئەگەر بۇ ۋەقەنى قەلىمى كۈچلۈك بىرەر يازغۇچى ئاڭلاپ قالسا چوقۇم كىتاب قىلىپ يېزىۋېتىدۇ. مەن چامىمنىڭ يېتىشىچە سىلەرگە ھېكايە قىلىپ بېرەي:

2009 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى (جۈمە) ئىدى. ئۇ ماڭا تېلېفون بېرىپ: «كەچتە چىق، تاغلارنى كۆرسىتىپ كېلەمەن» دېدى. چىقتىم. ئۇ ئورمان يېنىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم. ئەمما ئۇ مەست ئىكەن، سەزمەپتىمەن، بىز خۇشال ـ خۇرام يولغا چىقتۇق...

ئۇ ماشىنىسىنى تېكەس تەرەپكە ھەيدىدى. گۇگۇم قوينىدا شەھەردىن ئۇزاپ كەتتۇق. بارا ـ بارا ئاسمان قارايدى. كوچا ـ مەھەللىلەردە ئاندا ـ ساندا ئېلېكتىر چىراغلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

بىز ياماتۇ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۇق. دەريانىڭ سالقىن شامىلى

www.uyghurkitap.com



دېرىزىدىن ئۇرۇلدى، كېچە جىمىلىقىدا دەريا قوڭۇر رەڭدە شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى. توققۇزتارا ۋە تېكەس ناھىيەسىگە بارىدىغان ئاچالغا كەلگەندە ماشىنا تېكەس تەرەپكە بۇرۇلدى. ھەيدەر ماشىنىنىڭ ئۈنئالغۇسىنى ئېچىۋەتتى. تاشمۇھەممەت باتۇرنىڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى:

ئوڭاي ئەمەس يۈرەكتىن سۆيۈش،
ئۇنتۇشمۇ ھەم شۇنچىلىك قىيىن.
خاتىرەڭدىن ئۆچۈرگەن بىلەن،
يۈرىكىڭدىن ئەسلەيسەن كېيىن...

ناخشىنىڭ مۇڭىدا جىمىپ كەتتىم. ھەيدەر بۇنى سەزدى بولغاي، ئۈنئالغۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يەنە پاراڭغا چۈشتى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. مېنى خۇشال قىلىمەن دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالمايۋاتاتتى، توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇ ماشىنىنى بەك تېز ھەيدەيدىغان بولىۋاپتۇ. شۇنچىلىك ئەندىشىدە ئولتۇرساممۇ ئۇنىڭ يېنىمدا بولغاچقا خاتىرجەم ئولتۇرۇشقا تىرىشتىم.

ئېدىر ياقىسىدا ئاندا - ساندا قازاق ئۆيلىرى ئاقىرىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سائەت 11 دىن ئاشقانىدى، خۇشال - خۇرام پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتۇق. بىردىنلا ماشىنا ئوڭ - سول چايقىلىپلا كەتتى. ھەيدەر ھودۇقۇش ئىچىدە رولنى دەرھال سولغا كۆچەپ ئۇردى. شۇ ھامان ناھايىتى تېزلىكتە كېتىپ بارغان ماشىنا سول تەرەپتىكى چوڭقۇرلۇققا ئۆچۈپ چۈشتى، ئاندىن يەرگە قاتتىق بىر ئۇسۇۋېتىپ، قاڭقىپ، موللاق ئېتىپ دۈم بولدى...

بىر قېتىم چىرقىرىغىنىم ئېسىمدە، ماشىنىنىڭ ئىچىدە نەچچە دومىلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بىلمىدىم. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچتىم. مىڭ شۈكۈر، ساق ئىكەنمەن. ھېچ يېرىمدە ئاغرىش يوق. پەقەت ئىشەنمىدىم، توۋا، قانداق بولۇپ ساق قالغاندىمەن؟...

ھەيدەرچۇ، ئۇ قانداق بولغاندۇ؟! ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. دېمەك، ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچىنى سىلاپ، مېنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ «مەن ساق» دېگەن ئاۋازىمنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇمۇ ساق ئىكەن، ئاھ خۇدا بىز ساق ئىكەنمىز...

ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆمىلەپ چىقتۇق. ماشىنىغا قاردىم، ئېزىلىپ، ماكچىيىپ، قارىغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، بىز ساق قاپتۇق...

ھەيدەرنىڭ ماشىنا بىلەن كارى يوق ئىدى. مېنىڭ ساق - سالامەتلىكىمنى بىلمەكچى بولغاندەك، ئىنچىكىلەپ سورايتتى، قوللىرىمنى تۇتاتتى، باش - كۆزلىرىمگە سىنچىلاپ قارايتتى.

بۇ يەر تاغ باغرى بولغاچقا كېچىسى سوغۇق بولىدىكەن. ئەڭ مۇھىمى، بەك قورقۇپ كەتكەچكىمۇ تېخىمۇ مۇزلاپ كەتتىم. توختىماي تىترەيتتىم. ئۇستۇمدە قارا ئەتلەس كوپتا، قارا تەنھەرىكەت ئىشتىنى بار ئىدى. ھەيدەر ئۆزى مۇزلاپ تۇرغان بولسىمۇ يەنىلا چاپىنىنى ماڭا سېلىپ بەردى.

بىز ئاشۇ نەس باسقان جايدا بىر - بىرىمىزگە قاراپ، ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتۇق. ئۇ نېمىلەرنى ئويلىدىكىن، بىلمىدىم. ماڭا قاراپ كۈلۈشكە باشلىدى. مەن تىترىكتىم، يىغلىدىم. شۇنچىلىك قاتتىق ھادىسىدىن ئامان قالغانلىقىمىزغا پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. بۇ كېچە چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ياكى راستىمۇ بىلمەي قالدىم. سوغۇق ئەدەپ كەتتى. ئاخىرى چىدىماي دۈم بولۇپ قالغان ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتۇق.

خېلى ئۇزاقتا ئۆتكەندە ئاندىن يېنىمىزغا بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى ۋە ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ، بىزنى «ئالغاچ كېتەيلى» دېدى. بۇ ئەتىگەن سائەت تۆت بولۇپ قالغان مەزگىل ئىدى. بىز ماشىنىغا چىقتۇق...

ئۆيگە كەلسەم ئۆيدىكىلەر يىغلا ئورنىدىن تۇرغانىكەن. بىرئاز ئارام ئېلىپ، كېچىچە بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاپامغا سۆزلەپ بېرىۋېدىم، ئۇ مېنىڭ ھايات كەلگىنىمگە خۇش بولماي، تىللاپ كەتتى. كېيىن قېرىنداشلىرىم ئاڭلاپ ئۇلارمۇ مېنىڭ شۇنداق چوڭ ھادىسىدە ھايات قالغىنىمغا خۇش بولماي تېخىمۇ بەك خاپا بولۇشتى، كۆڭلۈمگە ئازار بېرىشتى.

ئۇلار راست ئېيتىدۇ، ھەيدەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى نەچچە قېتىم قاتتىق ئاغرىتقان. ھەدىلىرىم ئالدىدا مېنى ھاقارەت قىلىپ، ئەلەم قىلغان... شۇڭا قېرىنداشلىرىم ماڭا چىدىماي شۇنداق قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغىنى توغرا! مەن بەك دۆت، ئەخمەق. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئەسكىلىكىنى بىلمەي يەنىلا ئۇنىڭ كەينىدىن ئىتتەك سۆرۈلۈپ يۈرۈمەن، قانداق قىلاي، ئامالىم يوق، ئۇنى ئىنتايىن سۆيىمەن، ئۇنىڭغا پەقەت چىدىمايمەن...

شۇ ئىشلارنىڭ بولغىنىغا تۆت كۈن بولدى. يەنىلا ئۇنى سېغىنىۋاتىمەن. ئۇمۇ ماڭا تىنىماي تېلېفون قىلىۋاتىدۇ، ئۇچۇر يوللاۋاتىدۇ، ئەھۋالىمنى سوراپ تۇرۇۋاتىدۇ...

بىز كۆرۈشتۇق. ئۇ ماڭا تويىماي قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ بۇنداق قىلغانسېرى مەنمۇ ئۇنىڭغا چىدىماي كېتىۋاتىمەن...

ئەمدى ياتاي، بالىلىرىم ئۇخلىمايۋاتىدۇ... كېچە، سائەت 11.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

# ھېكمەتلەردىن پارچىلار

## ھەقىقىي قابىلىيەت

بىر ئوقيا ئېتىش ماھىرى خالايىقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى كۆز - كۆز قىلىش مەقسىتىدە ئوقياسىنىڭ كېرىچىنى تارتىپ تۇرۇپ، كۆكتە ئۇچۇۋاتقان بىر قۇشنى چەنلەۋاتقاندا «ئاتما!» دەپ توسۇپتۇ .

— نېمىشقا ؟! ئەجەبا مېنىڭ ئۇ جانىۋارنى ئېتىپ چۈشۈرەلىشىمگە ئىشەنمەمسەن؟! — دەپتۇ ماھىر .

— ئىشىنىمەن، لېكىن بۇ ھېچقانچە ماھارەت ھېسابلانمايدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم .

— ئەمىسە دەپ باقە، ئۇنداقتا ھەقىقىي قابىلىيەت قانداق بولىدۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ ماھىر مەنسىتمىگەن ھالدا.

— سەن قويۇپ بەرگەن يا ئوقنى قايتۇرۇپ كېلەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم، ئوقيا ئېتىش ماھىرىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ .

— ھەقىقىي قابىلىيەت دېگەن بارنى يوقىتىۋېتىش ئەمەس، بەلكى قۇتقۇزۇۋېلىش! دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم.

## كۆۋرۈككە ئويۇلغان ئىسىم

ئۆۋلا بولسا ياۋروپادىكى بىر سۇ ئۈستى ساياھەت كىچىك بازىرى، بۇيەردىكى كىشىلەر سەپەرگە چىققاندا دائىم كېمە ۋە كۆۋرۈككە تايىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم ۋە پاراۋان. كىشىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك كۆۋرۈك بولسۇن، كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان يېرىدە كاتتا ئېلانلار ئېسىقلىق بولماستىن، بەلكى بۇ كۆۋرۈكنى لايىھەلىگۈچىنىڭ ئىسمى، قۇرۇلۇش قىلغان ئورۇننىڭ نامىدىن باشقا، يەنە كۆۋرۈك ياساشقا قاتناشقان بارلىق قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ئىسمى ئويۇلۇق. دۆلىتىمىز ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەككلا كۆۋرۈك نامىلا بار، كۆۋرۈكنىڭ باشقا قىسمىدا بېشىدىن ئايىغىچە بارلىق لايىھەلىگۈچىلەر، قۇرۇلۇش قىلغان ئورۇن، قۇرۇلۇشقا قاتناشقان بارلىق قۇرۇلۇش خادىملىرىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ، ئۆۋلا گەرچە كىچىك بازار بولسىمۇ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ لايىھەلىگۈچىلەرنى، قۇرۇلۇش قىلغان ئورۇنلارنى، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى نەقەدەر ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ساياھەت يېتەكچىسى ۋە يەرلىك كىشىلەر بىزگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «كۆۋرۈككە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئويۇشتىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ كۆۋرۈك ياساشتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر، بۇنداق بولغاندا، كۆۋرۈكتە سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلگەندە، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشكە قولايلىق بولىدۇ.»

ئۆۋلا بازىرىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ھەر بىر بۆلىكىگە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن ئەقىل - پاراسىتى سىڭدۈرۈلگەن، بازاردىكى ھەر بىر كۆۋرۈك ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەت تامغىسى بېسىلغان كۆۋرۈكتۇر .

## دەۋرىنىڭ چاقى

بىنا ئاستىدىكى مەيداندا بىر ياش ئانا بوۋاقلار ھارۋىسىدىكى ئوماققىنا بوۋىقىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتاتتى، يېقىنلا يەردىكى بىر مېيىپلار ھارۋىسىدا تېنى ئاجىزلىقتىن مۈكچىيىپ كەتكەن مومايىنى يەنە بىر ياشقا چوڭراق ئايال ئىتتىرىۋاتاتتى، موماي ئولتۇرغان ھارۋىنى ئىتتىرىۋاتقىنى بولسا ياللىنىپ كەلگەن قاراۋغۇچى ئىدى. ھەر ئىككىلىسىلا ئوخشاش دېگۈدەك كەينىدىن ئىتتىرىدىغان ھارۋا، ئەمما ئولتۇرغانلار بولسا تامامەن ھاياتلىقنىڭ ئىككى قۇتۇپىدىكى ئادەملەر، بۇ خىل روشەن سېلىشتۇرما مېنى خىياللار دۇنياسىغا باشلاپ كىردى. بىرى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغان بوۋاق، يەنە بىرى بولسا ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى نۇقتىلىرىغا يېتەيلا دەپ قالغان موماي. مەيلى بوۋاقلار ھارۋىسى ۋە ياكى مېيىپلار ھارۋىسى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى چاقلىق ئورۇندۇق، پەقەت ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملا ئوخشىمايدۇ، خالاس. بىرى مېڭىش ماجالى قالمىغان كېسەللەر ئولتۇرىدىغىنى؛ يەنە بىرى، بولسا تېخى مېڭىشنىمۇ بىلمەيدىغان بوۋاقلار ئولتۇرىدىغىنى. بۇنىڭدىن باشقا كەينىدىكى ھارۋا ئىتتىرگۈچىلەرمۇ ئوخشىمىغان كەيپىياتتا، بىرى ئۈمىدكە تولغان ئەركىن قەدەم، يەنە بىرى بولسا يۈكى ئېغىر ئاجىز قەدەم.

خىيال كەپتىرىم يەنە ئاللىقاياقلارغىدۇ قانات قاقتى، بەلكىم بۇندىن نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى بۇگۈنكى مېيىپلار ھارۋىسىدا ئولتۇرغان ئاجىز مومايمۇ ئۈمىدكە تولغان ئەركىن قەدەملىرى بىلەن بوۋاقلار ھارۋىسىنى ئىتتىرگەن بولغىيتتى، يەنە بەلكىم بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ھازىرقى بوۋاقلار ھارۋىسىنى ئىتتىرىۋاتقان ئانىمۇ مېيىپلار ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ قالار، لېكىن ئۇنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىۋاتقىنى بوۋىقى بولامدۇ ياكى باشقىلارمۇ بۇنى كىممۇ بىر نەرسە دېيەلىسۇن ؟

(«ئالاھىدە نەزەر» ژۇرنىلىدىن گۈلباھار مەمەت تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com



# ئۇستاز شائىرنى ئەسلىگەندە

◉ ئۇچقۇنجان ئۆمەر

ئۆز دەۋرىدە «شوخ»، «ئەركىن» تەخەللۇسى بىلەن جامائەتكە كەڭ تونۇلغان شائىر قۇربان ئىمىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ 1914 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1992 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ رايونىمىزدىكى ئۆز زامانىسىدا تونۇلغان شائىرلاردىن بولغانلىقى ھەمدە «قەشقەر ئەدەبىياتى»(بۈگۈنكى «قەشقەر») ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بىر مەتبۇئاتنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، گۈللىنىشىگە ئاساس سالغانلىقى بىلەن مەدەنىيەت قامۇسلىرىمىزدا ئالاھىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

مەن ئۇستاز شائىر قۇربان ئىمىن بىلەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا تونۇشقانىدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئون يىلدىن ئارتۇقراق بىر ئىدارە، بىر ئىشخانا، بىر ژۇرنالدا ئۇستاز - شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن. قەشقەردىكى تۈرلۈك مەرىكىلەر، سىياسىي، ئەدەبىي، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە ھەمداستىخان بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان شاگىرتلىرىنىڭ بىرى مەن، دېيىشكە ھەقلىقمەن.

مەرھۇم ھەققىدە توختالغاندا ئۇنىڭ نەقەدەر پەزىلەتلىك شائىرلاردىن ئىكەنلىكىنى ئېيتماي تۇرالمايمەن. ئۇ تولىمۇ مۇلايىم، كەمتەر، سەممىي، خۇشچاقچاق ئادەم بولغاچقا كىشىلەر بىلەن تېزلا چىقىشىپ كېتەتتى، مۇلەققەتتە بولغۇچىلار ئۇنىڭغا يېپىشىپلا تۇراتتى. ئۇنى پۈتكۈل ئۆمرىدە ياش ئاپتورلارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۆۋرۈك بولغان دېيىشكە تامامەن ئەرزىيدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1959 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردە بىر ئەدەبىي توپلام ئىشلەپ، بۇ قۇتلۇق خاتىرە كۈنىگە ئاتاش قارار قىلىنغانىدى. توپلام تەييارلىق گۇرۇپپىسىغا ئەينى ۋاقىتتا قۇربان ئىمىن يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى قەلەمكەشلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش، كۆرۈپ بېكىتىشكە مەسئۇل بولغانىدى. ئاشۇ قەلەمكەش، ھەۋەسكارلار قاتارىدا ئۇ مەن بىلەنمۇ ئالاقىلاشقان. ئۇ چاغدا مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئەدەبىياتقا ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەنىدىم. ئۇلارنىڭ تەلەپ، ئۆلچەملىرىگە ماس كېلىدىغان، ياخشى يېزىلدى دەپ قارىغان بىر نەچچە پارچە شېئىرىمنى ئۆزۈم خەلق ئىچىدىن توپلىغان 100 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاققا قوشۇپ چىرايلىق بىر دەپتەرگە كۆچۈرگەندىن كېيىن قۇربان ئىمىن ئاكىغا تاپشۇردۇم. ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن «شېئىرلىرىڭىز ياخشى چىقىپتۇ، قوشاقلارمۇ ياخشى رەتلىنىپتۇ، ئىشلىتىشكە بولىدىكەن» دەپ ئۇچۇر بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1959 - يىلى ئۆكتەبىردە «قىزىل ناخشىلار» ناملىق ئىككى قىسىملىق بۇ ئەدەبىي توپلام جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەنمۇ ئەسىرىمنىڭ مەزكۇر توپلامغا كىرگىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم ۋە تېخىمۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتىم. ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىلھاملىرى ۋە مەددىتى ئارقىسىدا قەشقەردىكى «بالا شائىر»لىقتىن ئاستا - ئاستا پىشىپ يېتىلىپ ياش شائىرلار قاتارىغا قوشۇلدۇم. كېيىن بېيجىڭغا ئوقۇشقا

كەتتىم، بۇ يىللاردا يەنە مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. يەنى قۇربان ئىمىن ئاكا ئەينى يىللىرى مەن شېئىر، قوشاقلارنى كۆچۈرۈپ بەرگەن ئاشۇ دەپتەرنى يوقاتماي ئاپەتلىك يىللاردىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ، 20 نەچچە يىل ئامان - ئېسەن ساقلاپ، 1981 - يىللىرىغا كەلگەندە قولۇمغا يەنە ئۆز پېتىچە تاپشۇردى. ئۇ قولىيازما بۈگۈنگە قەدەر ماتېرىياللىرىم ئىچىدە ساقلانماقتا. شائىر قۇربان ئىمىننىڭ ياش ئاپتورلارغا كۆيۈنىدىغان گۈزەل خىسلەتلىرى ۋە تەھرىرلىكتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ماڭا بىر ئۆمۈر ئۈلگە بولۇپ كەلدى.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانى لۇغەتت تۈرك»تە «ئەردى ئۇزار ئەرەنلەر، ئەردەم بەگى بىلىك تاغ. ئايدى ئۆگۈش ئۆگۈتلەر، كۆڭلۈم بولۇر ئاڭا باغ» («دىۋان» 1 - توم 120 - بەت)


(ئوڭدىن سولغا) قۇربان ئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مۇھەممەت رېھىم

دەپ يازىدۇ. يەنى «بۇرۇنقى زامانلاردا ئىلىم - ھېكمەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى بار ئىدى. ئۇلار جىق ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى قىلغانىدى. بۇ ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ» دەيدۇ. بۇ نېمە دېگەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ھېكمەت ھە؟ ئارىدىن مىڭ يىل كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئالىمنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىنى رېئاللىققا تەدبىقلىسام مېنىڭ كۆڭلۈممۇ يايراپ كېتىدۇ... ئۆزىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ژۇرنالچىلىقىغا بېغىشلىغان شائىر قۇربان ئىمىننىڭ ھەربىر پارچە ئەسىرىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن ئۇزاق مۇساپىلەرنى ئەسلىگىنىمدە مەھمۇت كاشغەرى ئېيتقان ئاشۇ پەزىلەت ئىگىلىرىنى قايتا كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولىمەن. ئۇستاز شائىرنىڭ مېھرىبان، تەلەپچان، جاپاكەش، ئاددىي - ساددا سىماسى كۆز ئالدىمدا قايتىدىن جىلۋىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت، ئىلھام ئالغاندەك بولىمەن.

شائىر قۇربان ئىمىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتى توغرىسىدا بىر مۇنچە ماقالە، ئەسلىمىلەر ئېلان قىلىندى. ئۇلاردا مەرھۇمنىڭ ئىجادىيەت ۋە كەسپى ھاياتىغا يۇقىرى باھالار بېرىلدى، مەن بۇ ماقالىدە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇنىڭ تۆھپە، نەتىجىلىرى ھەققەتەن ئاز ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ شېئرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ناخشا تېكىستى ئىجاد قىلىش ۋە خەلق ناخشىلىرىنى رەتلەش ئىشى بىلەن ئۇزۇلكسىز شۇغۇللىنىشتەك بىرلا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

زامانىسىدا قۇربان ئىمىن ناخشا تېكىستلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازىدىغان شائىرلار ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ئۇنىڭ 1950 - يىللىرىدىن 1990 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان «قەشقەر قىزى ئوغلۇق»، «تىراكتورچى ناخشىسى»، «بوز تورغاي»، «قەشقەردە باھار» قاتارلىق بىر تۈركۈم ناخشىلىرى شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىمۇ زور تەسىر قوزغىغانىدى. بۇ ناخشىلارنى ئورۇنلىغان پاتىمە قۇربان، ئابدۇقادىر ئابدۇللا، تۇردى روزىغا ئوخشاش داڭلىق ناخشىچىلارمۇ ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق ياخشى تېكىستلەرنىڭ ئىجراسى بىلەن يۇقىرى ئىززەت - ھۆرمەتكە نائىل بولغان. قۇربان ئىمىن يازغان نۇرغۇن ناخشا، لەپەر، راۋاب قوشاقلىرىغا مۇزىكا ئىشلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئالقىشقا ئېرىشىشىگە مەلۇم ئاساس سالغانىدى. بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا ئىشلەنگەن «ئانارخان» كىنوسىنىڭ باش ناخشىسى قىلىنغان، كىنودىكى باش پېرسوناژ قۇربان ئۇيغۇر راۋابى ئارقىلىق ئورۇنلىغان «توي ناخشىسى» تا ھازىرغىچە قۇلىقىمىزدا جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ھازىرغىچە بۇ ناخشا كىنو - تېلېۋىزىيە، رادىيو، سەھنىلەردە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مەن دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ، تۇرمۇش چىنلىقىنى ھەقىقى رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرگەن، قويۇق مىللىي پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قۇربان ئىمىن قەلىمىگە تەۋە تېكىستلەر ۋە ناخشىلارنىڭ ئۆز ئاپتورىغا ئوخشاشلا ئۇنتۇلماي خەلق قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن، بۇنى ھەم رېئاللىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شائىر قۇربان ئىمىننى ئۈلگە قىلىپ تارىخ بېتىگە ئۆچمەس ئىزىمىزنى قالدۇرۇش ھەممىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى ھەم ئىنسانىي ۋەزىپىسىدۇر.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھرى راھەتباغ ئولتۇراق رايونىدا)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

www.uyghurkitap.com



# ماڭلايسۆيە







غالىب بارات ئەرك

يۇرتىمىزنىڭ تارىخىغا ئائىت يازمىلاردا، توغرىسىنى ئېيتقاندا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان يازغان «تارىخى رەشىدى»دە كۆرۈلىدىغان «ماڭلايسۆيە» بۇ تارىخىي نام، شۇندىن كېيىنكى تارىخ - تەزكىرىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇ ئاتالغۇ كېيىنكى تارىخ - تەزكىرىلەر(مەسىلەن: «تارىخى ھەمىدى»، «تارىخ كاشغەر»)گە «تارىخى رەشىدى»دىن كەلگەن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان (1499 ~ 1551) تەرىپىدىن **1541** - يىلدىن **1546** - يىلىغىچە يېزىلغان بۇ قىممەتلىك ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن يۇرتىمىز تارىخىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان مەنبە ماتېرىياللارنىڭ بىرى. ئەسەردە «‹ماڭلايسۆيە› دېگەن سۆز ‹ئاپتاپ يۈزلۈك› دېگەن بولىدۇ. ماڭلايسۆيەنىڭ چېگراسى شەرق تەرىپى كۇسەن (ھازىرقى كۇچا)دىن تاكى بۆگۈرگىچە، غەرب تەرىپى فەرغانىنىڭ يىراق ئاخىرقى ۋىلايىتى بولغان سام، غەز ۋە چاقشىمانىغىچە، شىمالىي تەرىپى ئىسسىقكۆل، جەنۇب تەرىپى چەرچەن ۋە سارىغ ئۇيغۇر يۇرتىغىچە ئىدى. بۇ چېگرانىڭ ئىچىنى ‹ماڭلايسۆيە› دەپ ئاتايدۇ. بۇ چېگرانىڭ ئىچىدىكى تامامى ۋىلايەتلەر ئەمىر بولاجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئۇ زامانلاردا بۇ ھۇدۇد ئىچىدە بىر نەچچە شەھەرلەر بار ئىدى. ئۇ شەھەرلەرنىڭ چوڭراقلىرى كاشغەر، خوتەن، ياركەند، ئۆزكەند، كاسان، ئاخسىكەند، ئەندىجان، ئاقسۇ، ئاتباشى ۋە كۇسەن قاتارلىقلار ئىدى. ئەمىر بولاجى ئاقسۇدا تۇراتتى. چۈنكى، چاغاتاي مەملىكەتلىرىنى تەقسىم قىلغاندا ماڭلايسۆيەنى ئەمىر بۇلاجىنىڭ بوۋىسى ئورتۇ بۆرەگە بەرگەنىدى...»[1] دېيىلگەن. ئاز مەزگىللەردىن كېيىن ماڭلايسۆيەنىڭ دائىرىسىنىڭ قىسمەن ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدا مۇشۇ ئەسەرنىڭ 38 - بابىدا «ماڭلايسۆيەنىڭ كۆپ قىسمى دوغلاتلارنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى، شۇ جۈملىدىن كاشغەر بىلەن ئەندىجانلار سەمەرقەنت دىۋان مەھكىمىسىگە تەۋە بولغانىدى. ئىسسىقكۆل چېگرىلىرى زامان ئىنقىلابلىرى بىلەن ۋەيران بولغانىدى، قالغان كۆپ قىسىم جايلار يەنىلا دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ قولىدا ئىدى...»[2] دېيىلگەن. مانا بۇ مەلۇماتلاردىن كۆرىدىغان بولساق، «ماڭلايسۆيە» چىڭگىزخان ئوغلى چاغاتاي زامانىدىن قالغان بىر مەمۇرىي دائىرىنىڭ نامى بولۇپ چىقىدۇ. چىڭگىزخان ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە تەۋە بولغان **129** مىڭ كىشىلىك قوشۇنىدىن **101** مىڭ كىشىنى ۋارىسى تولۇيغا، قالغان 28 مىڭ چېرىكنى قالغان تۆت ئوغلى، ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. چىڭگىزخان ئىگىلىگەن بارلىق زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرى ۋە تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بەرگەندە ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا شەرقتە ئۇيغۇر ئېلى، قاياليقتىن تارتىپ غەربتە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغىچە بولغان يەرلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ

بەرگەن. پېرسىيەلىك تارىخچى راشىد-
دىن فەيزۇللاھ(1318 ~ 1247) نىڭ
«جەمئۇت تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە
يېزىلىشچە، ئوغۇللىرى جۇجى، چاغا-
تاي، ئۆگۆدەيلەرگە 4000 دىن چېرىك
تەقسىم بولغان. شۇ قاتاردا چاغاتايغا
تەقسىم بولغان چېرىكلەر ـ بارلاسلار-
نىڭ بارۇلتاي ـ قاراجاي مىڭلىقى،
قوڭغىراتلارنىڭ سۆگە نويان مىڭلىقى
قاتارلىق 2000 چېرىك تىزىمغا ئېلىن-
غان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرە-
گاننىڭ يازمىسىدىن قارىغاندا، يەنە بىر
مىڭ چېرىك (مىڭلىقى) شۈبھىسىزكى
دوغلات قوۋمىدىن ئىبارەت. تۆتىنچى
مىڭ چېرىك قايسى قوۋمىدىن ئىكەنلىكى
نامەلۇم. راشىددىن فەيزۇللاھنىڭ ياز-
غانلىرىدىن قارىغاندا، چاغاتاي ئۆزىنى
كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن موڭغۇل بولمى-
غان خەلقلەردىن (يەرلىكلەردىن) چېرىك
كۆپەيتكەن بولۇشى مۇمكىن.[3] يۇقى-
رىدا كۆرگەن، چاغاتاينىڭ ئىلتىپاتىغا
مۇيەسسەر بولغان دوغلاتلار بۇلاندجار
قوۋمىدىن بۆلىنىپ چىققاندى. چىڭگىز-
خان بىلەن تايچىغۇتلار سوقۇشقاندا،
دوغلاتلار چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاق
تۈزگەن ھەمدە چېرىكلىرى چىڭگىزخان
تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشقان،
لېكىن شۇ دەۋرلەردىن تارتىپ 13 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بۇ قوۋمدىن
نامدار شەخسلەر چىقمىغان.[4]

ماڭلايسۆيە نامى «تارىخى رەشى-
دي»نىڭ ئۇيغۇرچە قولىيازمىسىدا
«منكلاي سويە» منكلاي سويە دەپ يېزىل-
غان. «تارىخى رەشىدي» ناملىق بۇ
قىممەتلىك ئەسەر ئالىملار تەرىپىدىن
كۆپ قېتىم تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قى-
لىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر
بالدۇرراق، ئەمما كەمتۈكرەك نۇسخى-
سىنى پارسلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى تەت-
قىق قىلغۇچى ئەنگلىيەلىك تىلشۇناس
ئېدۋارد دېنىسون روس (1940 –
1871) تەرىپىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە
قىلىنغان. ئۇ فرانسۇز، گېرمان، ئىتالى-
يان، رۇس، پارس، ئەرەب، تۈرك،
ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان؛
پورتۇگال، گوللان، نامبىيە، گرېك،
ئىبراي، ئەرمەن، لاتىن، سانسكرىت،
تىبەت تىللىرىدىن خەۋەردار يېتۈك ئا-
لىم بولۇپ «تارىخى رەشىدي»نىڭ
پارس ۋە تۈركىي تىلدىكى قولىيازمىلىرى
ئاساسىدا ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان.
بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە يۇقىرىقى تەر-
جىمىسى 1895 ـ يىلى تۇنجى قېتىم
نەشر قىلىنغاندىن كېيىن تەكرار بېسىل-
غان، مانا مۇشۇ ئىنگلىزچە نۇسخىدا
يۇقىرىقى نام Suyah Mangalai
(ماڭلاي سۇياخ) دەپ تەلەپپۇز تەرجى-
مىسى قىلىنغان. مانا مۇشۇ نۇسخا ئوسمان
كاراتاي تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە
قىلىنىپ، تۈركىيەدىكى سەلەڭە نەشرىياتى
تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان،
ئۇشبۇ تۈركچە نەشرىدە Suyah
Mangalay دەپ ئەينەن كۆچۈرۈپ
ئېلىنغان.[5]مۇشۇ نۇسخا يەنە شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەت-
لەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن خەنزۇ-
چىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا
تارىخى مۇتەخەسسىسى ۋاڭ جىلەينىڭ
ئىزاھلىشىدا 1983 ـ يىلى شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىن-
غان.[6] قازاقىستاندىكى تۇران نەشرىيا-
تى نەشر قىلغان نۇسخىسى پارس تىلىدىن
تەرجىمە قىلىنغان، ئەنە شۇ نۇسخىدىن
كۆچۈرۈلۈپ ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان
قازاقچە نەشرىدە «ماڭلاي سۇبە» دەپ
تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىنىپ «ماڭلاي
سۇبە» [7]، دەپ ئاتىلىدىغانلىقى كۆر-
سىتىلگەن. ۋاڭ جىلەي ئەپەندى بۇ
ئەسەرنى قايتا تەرجىمە قىلغاندا، يەنىلا
كونا ئىنگلىزچە نەشرىنى مەنبە قىلغان
بولغاچقا، تەرجىمىدە چوڭ ئۆزگىرىش
بولمىغان، ناملارنى تەرجىمە قىلغاندا ئىش-
لەتكەن خەتلەر ۋە كىتابنىڭ نامىدا ئۆزگە-
رىش بولغان، بىز كۆرۈۋاتقان نام
ماڭلايسۆيەنى Mangalai Suyah دىن
曼尕赖·苏雅 دەپ تەرجىمە قىلغان
ھەمدە مەنىسىنى Aftab Ru يەنى 地
向阳 دەپ تەرجىمە قىلغان.[8] «تارى-
خى رەشىدي»نىڭ ئۆزبېكچە نەشرى
چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى قول-
يازمىسىدىن تەييارلانغان، ئۆزبېكچە نەش-
رىدە بۇ نام «ماڭلاي سۇبە»
(M аналйСубе) دەپ ئېلىنغان ھەم-
دە مەنىسى «ئاپتاپ رۇي يەرلىرى»[9
]، دېيىلگەن. مۇشۇ كىتابنى نەشرگە
تەييارلىغۇچى بەرگەن ئىزاھاتتا،
«ماڭلاي سۇبە ـ قۇياشلى ـ ئاپتاپ رۇي
دېگەن مەنىدە» دېيىلگەن. قازاقچە ۋە
تۈركچە نەشرىنىڭ ئىزاھاتىدا «كۈنگەي
تەرەپ» دەپ ئىزاھلانغان. مانا مۇشۇ
ماتېرىياللارغا ئاساسلانساق، بۇ نام
ئاپتاپلىق يەر، كۈنگەي تەرەپ دېگەن
مەنىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇن-
داقتا بۇ نامنىڭ «ماڭلايسۆيە»،
«ماڭلاي سۇبە» دېگەن ترانسكرىپ-
سىيەسىنىڭ قايسى توغرا؟

«تارىخى رەشىدي»نىڭ قولىياز-
مىسىدا يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك يېزىل-
غان بولسا، «تارىخى ھەمىدي»نىڭ
موللا مۇسا سايرامى ئۆز قەلىمىدە ياز-
غان قولىيازمىسىدا «مانكلاي سويە»
مانكلاي سويە دەپ يېزىلغان.[10] بۇ ئە-
سەرنى نەشرگە تەييارلىغان تارىخشۇناس
ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى بۇ نامنى
«ماڭلاي سۆيە» دەپ ئوقۇغان.

نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن چاغاتاي
ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان، موللا
مىرسالىھ كاشغەرىي تەرىپىدىن كۆچۈ-
رۈلگەن «تارىخىي كاشغار» (نەشرى
نامى «چىڭگىزنامە»)نى تارىخشۇناس
ھاجى نۇرھاجى نەشرگە تەييارلىغان بو-
لۇپ، بۇ نامنى «ماڭلاي سودە»[11]،
دەپ ئالغان. مۇشۇ ئەسەرنىڭ بىر قول-
يازمىسى رۇسىيەنىڭ سانكىت پېتربۇرگ
شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان بولۇپ قولىياز-
مىسىدا مانكلاي سودە دەپ يېزىلغان لېكىن
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئىندېكستا دەپ
يازغىنىدىن قارىغاندا، «مانكلاى سو-
يە» مانكلاي سويە (صوبە) دەپ يېزىلىشىنى توغرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن.[12]

يۇقىرىقى ئۇچۇرلاردىن قارايدىغان بولساق، «تارىخى رەشىدىي»دە دەسلەپ قەلەمگە ئېلىنغان بۇ جاينىڭ نامى قىسمەن يازمىلاردا ئۆزگىچىرەك خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنداقتا بۇ نام «ماڭلايسۆيە»مۇ ياكى «ماڭلايسۇبە»مۇ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ نامنىڭ «ماڭلاي سويە»، «ماڭلاي سۇبە»، «ماڭلاي سودە» يېزىلىشلىرىدا «ماڭلاي» ھەققىدە ئىختىلاپ يوق. «سوبە» ۋە «سويە» بولۇپ يېزىلىشى قول يازمىدىكى «ي» ھەرپىنىڭ ئاستىدىكى قوش چېكىتنى كۆرسىتىدىغان سىزىقنىڭ قىسقا بولۇپ قېلىشى ياكى بىر چېكىت بولۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان. «سودە» بولۇپ قېلىشى ئىككى ھەرپ ئارىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ياكى ئىملا خاتالىقىدىن ئىبارەت. «سويە»نى توغرا دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى يەنە بىر سەۋەب، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق قول يازمىلىرىدا «سويە» دەپ يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت. ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمىسى گەرچە كەمتۈك نۇسخا بولسىمۇ، مۇشۇ نۇسخىسىنى ھازىرلاش ۋە تەرجىمە قىلىش داۋامىدا پارس ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى كۆپ قول يازمىسىدىن پايدىلانغان، ئىملا مەسىلىسىنى ئىزاھلاپ ماڭغان. ئىنگلىزچە نەشرىدە «ماڭلاي سۇياخ» نامى توغرىسىدا مەخسۇس ئىزاھات يازغان بولسىمۇ، بۇ نامنىڭ باشقىچە ئىملادا يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر قالدۇرمىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ تەرجىمە قىلىشتا ئىشلەتكەن نەچچە يازمىدا ئوخشاش يېزىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل نۇسخىسى مۇھەممەدتۇردى مىرزا ئەخمەت تەرىپىدىن ئىشلەنگەن، نەشرگە تەييارلىنىش جەريانىدا موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئابدۇلغەفۇر پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى قول يازمىلىرىدىن ئۈچ نۇسخا، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تەرجىمىسىدىن بىر نۇسخا ۋە پارسچە ئۈچ قول يازمىدىن ھەمدە مۇشۇ ۋاقىتقىچە نەشر قىلىنغان خەنزۇچە، قازاقچە، رۇسچە، پارسچە، تۈركچە نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ ھازىرلانغان، رۇسچە نەشرىگە سېلىشتۇرۇلغان. ئۇيغۇرچە نەشرىدە بۇ نامنىڭ باشقىچە ئىملادا يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق. يەنە «تارىخي كاشغەر»، «تارىخى ھەمىدىي»لەردە ھەم ئوخشاش يېزىلغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ نامنىڭ توغرا ئىملاسىنىڭ «مانكلاى سويە» ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىمىز.

ماڭلايسۆيەنىڭ تۈركىي تىلدىكى نام ئىكەنلىكى، بۇنىڭ تەڭدىشىنىڭ پارسچە «ئافتاب رۇي» ئىكەنلىكى يازمىلاردا كۆرسىتىلگەن، ئەمما تەرجىمىسىدە ھەر خىل ئېلىنغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ توغرىدا كۆپرەك تەتقىقات يۈرگۈزگەن رۇسىيەلىك ئالىم بارتولدنىڭ «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» ناملىق كىتابىدا M аналй Субе (ماڭلاي سۇبە) دەپ يېزىلغان. بارتولد بۇ سۆز توغرىسىدىكى يەشمىسىنى «ئاۋانگىرات رايون(先锋区)»[13]، «ئالدىنقى قاراۋۇلخانا»[14]، «ئەڭ ئالدىنقى ۋىلايەت»[15]، دەپ قەلەمگە ئالغان. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بارتولد بۇ نامنى M аналй Субе (ماڭلاي سۇبە) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ «ماڭلاي سۇبە»گە بەرگەن يەشمىسى ئۈچ نەپەر تەرجىمان تەرىپىدىن ئۈچ خىل تەرجىمە قىلىنغان. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بارتولد پايدىلانغان قوليازمىسىدا ياكى ئۇ پايدىلانغان رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان پارچىدا «ماڭلايسۇبە» دەپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بۇ نامنىڭ توغرا ئىملاسىنىڭ «مانىلاى سويە»، تەلەپپۇزىنىڭ «ماڭلاي سۆيە» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمەن.

ئۇنداقتا «ماڭلايسۆيە» قانداق مەنىدىكى نام؟ بۇ ھەقتە مىرزا مەھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»دە ئېنىق قىلىپ آفتاب پارسچە «ئافتاب رۇ» آفتاب ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. پارسچە «ئافتاب رۇ» نامىدىكى «ئافتاب» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پارس تىلىدىن كىرگۈزۈلۈپ ئاپتاپ دەپ قوللىنىلىدۇ، پارس تىلىدا «كۈن، كۈن نۇرى» دېگەن مەنىدە. پارسچىدىكى بۇ سۆز كۈنگەي دېگەن مەنىدە بولۇپ، شىمالدا جەنۇبقا يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.[16] مانا مۇشۇلاردىن قارايدىغان بولساق، «ماڭلايسۆيە» نامىنىڭ «كۈنگەي، ئاپتاپلىق يەر» دېگەن مەنىلەردە ئىكەنلىكى، خەنزۇچە تەرجىمىدىكى 向阳地 ناھايىتى باپ تەرجىمە بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ماڭلاي چاچ»، «ماڭلاي تەر» سۆزلىرى قوللىنىلىدۇ. «مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت»تە «مانك لاي» دەپ يېزىلغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن پارسچە سۆز «پېشانە» قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ ماڭلاينىڭ ئورنىنى ئالغان. دېمەك، ماڭلاينىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى تۈپتوغرا مەنىسى «پېشانە» بولسىمۇ، كۆچمە مەنىسى «كۈنگەي» ۋە جەنۇب، «كۈنەس» نامى بىلەن ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. **1891** - يىلى يېزىلغان «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە» ناملىق كىتابتا، بىر جاي نامىنى 忙奇 دەپ تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرقى تەرجىمىسى ئەسلىي تەلەپپۇزىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. فېڭ جۈبىن قاتارلىقلار تۈزگەن «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى لۇغىتى»دە ماڭلاينى «بىر خىل چاچ شەكلى» دەپ خاتا چۈشەندۈرگەن.

گۇننار يارىڭ «ماڭلاي» سۆزىنى «پە-
لەمپەي شەكىللىك ئېگىزلىك» ياكى
«ئېگىز تاغنىڭ يانتۇ تەرىپى»؛ ئەمەلى-
يەتتە «ماڭلاي» پېشانىنى كۆرسىتىدۇ،
دەپ ئىزاھلىغان. «ماڭلاي» دېگەن بۇ
سۆز تۈركىي تىل ۋە موڭغۇل تىلىغا
ئورتاق لېكسىكا بولۇپ موڭغۇل تىلىدا
maŋnai/maŋnɛ:~maŋnɛ دېيىلىدۇ، بۇ ئورتاق
لېكسىكا كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارس تىلى-
دىن كىرگەن «پېشانە» دېگەن سۆز بى-
لەن پاراللېل قوللىنىلغان، لېكىن كۆ-
پىنچە ئەسلى تىلىمىزدىكى «پېشانە»
سۆزى قوللىنىلىدىغان بولغان. موللا
مۇسا سايرامى 1909 - يىلى يازغان
«تارىخى ھەمىدىي»دە «ماڭلاي سۇيە
دېگەن سۆز موغۇل تىلىدا ‹ئاپتاپ تە-
رەپ› (مەسئۇل مۇھەررىر غۇلام غوپۇ-
رى شەرقىي تەرەپ، دەپ ئىزاھلى-
غان)، دېگەن مەنىدە ئىكەن»[17]،
دەپ يازغان. مەرھۇم تىلشۇناس غۇلام
غوپۇرنىڭ نېمە ۋەجىدىن «شەرقىي تە-
رەپ» دەپ ئىزاھلىغانلىقىنى چۈشەنگىلى
بولمايدۇ، ئەمما ھازىرقى ئىستېمالدا
جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئې-
نىق. موڭغۇل تىلىدا 13 - ئەسىردىلا
mangnai- manglai دېگەن سۆزلۈك
بولۇپ پېشانە دېگەن مەنىسى بارلىقى،
يەنە تۇنجى قاراۋۇل، تۇنجى پوس دې-
گەن مەنىلىرى بارلىقمۇ مەلۇم. بۇنىڭ-
دىن باشقا 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا
مەنسۇپ «ئىبنى مۇھەننا لۇغىتى»دە
manlai دېيىلىپ پېشانىنى كۆرسىتىدى-
غانلىقى يېزىلغان.[18] ئەمەلىيەتتە
«ماڭلاي» سۆزى ھازىرقى زامان موڭ-
غۇل تىلىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ
«مانلاي» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ ئالدى
تەرەپ، باش، لېدىر (رەھبەر) دېگەن
مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. «ماڭلاي» دې-
گەن جاي نامى ئەسلىدىن ساپ ئۇيغۇر
تىلى، «كۈنگەي، ئاپتاپلىق، جەنۇب»
دېگەن مەنىگە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن
«ماڭلايسۆيە» دېگەن ئۇيغۇرچە نام
پارسچىغا «ئافتاب رۇ»، خەنزۇ تىلىغا
向阳地 ، دەپ تەرجىمە قىلىنغان.
«ماڭلاي» نامىنى ئەڭ دەسلەپ تەتقىق
قىلغۇچىلار — ئەنگلىيەلىك ئالىملاردىن
ئېدۋارد دېنىسىن رۇس بىلەن ن. ئېلى-
ئاسلار ھېسابلىنىدۇ. «تارىخى رەشى-
دىي»نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغاندا
«ماڭلايسۆيە» دېگەن جۇغراپىيەلىك
نامغا يولۇقۇپ، بۇنىڭ پارسچە «ئافتاب
رۇي» ئىكەنلىكىنى، «ماڭلاي» سۆزى-
نىڭ تۈركىي تىلدىكى ئىبارە ئىكەنلىكىنى
ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلار «ماڭلاي»
ساپ ئۆلچەملىك تۈركىي تىل، ئۇنىڭ
مەنىسى ئالدى تەرەپ، يۇقىرى تە-
رەپ، يۈزلىنىش ۋە پېشانە دېگەنلىك»،
دەپ يازغان ھەمدە مىسال تەرىقىسىدە
ئىلغار قوشۇن ياكى ئالدىن يۈرەر قو-
شۇننىڭ «ماڭلاي قوشۇن» دېيىلگەنلى-
كىنى كۆرسەتكەن.

«ماڭلاي» سۆزى ھازىرقى دەۋ-
رىمىزدىمۇ يەر نامى بولۇپ خېلى كۆپ
كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرسەك
«شىرماڭلاي»، بۇ جاي چارقىلىق نا-
ھىيە يېتىمبۇلاق بازىرىنىڭ 240 كىلو-
مېتىر غەربىدە، بۇ يەرنىڭ شەكلى شىر-
نىڭ پېشانىسىغا ئوخشىغانلىقتىن شىر
ماڭلاي دەپ ئاتالغان، دەپ قارالماقتا.
چەرچەن ناھىيە ئويىيايلاق يېزىسىدىكى
مەھەللىنىڭ نامى «شىرەماڭلاي تې-
رىم»، بۇ نامنى «چەرچەن ناھىيەسىنىڭ
يەر ناملىرى تەزكىرىسى»دە، موڭغۇل-
چە يەر نامى، سېرىق تاشنىڭ پېشانىسى
دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلانغان، بۇنى-
داق ئىزاھلاش خاتا. توغرىسى «شىر-
ماڭلاي تېرىم» بولۇپ شىرنىڭ ماڭلى-
يىغا ئوخشايدىغان (يەر شەكلى) تېرىم
يەر دېگەن مەنىدىكى ئۇيغۇرچە نام.
«قۇزاڭماڭلاي»، چەرچەن ناھىيەسى-
دىكى يەر نامى. «قۇزاڭ» دېيىلگىنى
«قۇز» دېگەن سۆزنىڭ سۈپەتلىنىشى
بولۇپ «كۈن چۈشمەيدىغان» تەرەپ
مەنىسىدە كېلىدۇ، چەرچەننىڭ تاغلىرىغا
نىسبەتەن بۇ يەر تاغلارنىڭ شىمال تە-
رىپىنى كۆرسىتىدۇ، «قۇزاڭ ماڭلاي»
تاغنىڭ كۈن چۈشمەيدىغان تەرىپىدىكى
ماڭلاينى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەنىدۇ-
رۈلمەكتە. «ماڭلاي» قاراقاش ناھىيە-
سىدە بىر يېزىنىڭ، چارقىلىق ناھىيە-
سىدە كان رايونىنىڭ (كونا ماڭلاي،
يېڭى ماڭلاي دېيىلىدۇ) نامى، چارقى-
لىقنىڭ تۆمۈرلۈك يېزىسى ئەتراپىدا يە-
نە «شاماڭلاي» دەپ بىر جاي بار؛
چىرا ناھىيەسىدە ئارا ماڭلاي دەرياسى
بار. چەرچەن ناھىيەسىدە «سېرىق
ماڭلاي»، «كۆك ماڭلاي»، «ئىنچىكە
ماڭلاي»، «يوغان ماڭلاي»، «يوغان
ماڭلاينىڭ چاپ»، «يول ماڭلاي»،
«ئالايار ماڭلاي»، «تەكلە ماڭلاي»،
«تاشبار ماڭلاي»، «تەكىي ماڭلاي»،
«كېسەكلىك ماڭلاي»، «نوچا ئوغلۇقى-
نىڭ ماڭلاي»، «ئېغىل بار ماڭلاي»...
قاتارلىق ناملار بار، چەرچەن ناھىيە-
سىدىكى بۇ «ماڭلاي» ئىسمى بار يەر-
لەرنىڭ كۆپى چارۋىچىلىق يېزىسى بول-
غان ئاچچان تەۋەسىدە. خېجىڭ ناھى-
يەسىدە «ماڭلايبۇلاق» دەيدىغان
بۇلاق نامى بار. مانا بۇلاردىن قارايدى-
غان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلەرگە
نام قويۇشىدا كۆپ قوللانغان سۆزلەر-
لىرىدىن بىرى «ماڭلاي»دىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك،
«تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق ئەسەر-
لەردە جۇغراپىيەلىك نام «ماڭلايسۆيە»
خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇ نام مىرزا
مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ تەبىرى-
چە بولغاندا پارسچە «ئافتاب رۇ»غا
تەڭداش. ئاپتاپلىق يەر، يەنى ئاپتاپ
بەك چۈشىدىغان يەر، جەنۇب دېگەن
مەنىلەردە. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئا-
ساسلانساق، «ماڭلايسۆيە» دېيىلگەن
جۇغراپىيەلىك نام كۆرسەتكەن دائىرە
خاقانىيە (قاراخانىيلار) خانلىقىنىڭ تە-
ۋەلىكىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەر13 -
ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاۋۋال قاراقىتانلار

www.uyghurkitap.com

تەۋەلىكىدە بولغان. چىڭگىزخاننىڭ باشچىلىقىدا قەد كۆتۈرگەن موڭغۇللار قاراقىتان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن خاقانىيە تەۋەلىكى چىڭگىزخاننىڭ ھاكىمىيىتى تەركىبىدە بولغان. چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا ئىگىلىگەن بارلىق زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرى ۋە تۇغقانلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ، چېرىك بۆلۈپ بەرگەن. چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەقسىم بولغان سۇيۇرغال تەۋەسىدىن «ماڭلايسۆيە» ئەينى ۋاقىتتا چىڭگىزخاننىڭ تايچىغۇتلارنى يېڭىشىدە ھەمدەم بولغان دوغلاتلارنىڭ باشلىقى ئورتۇ بۆرەگە چاغاتاي خان تەرىپىدىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. ئورتۇ بۆرەنىڭ ئەۋلادلىرى (دوغلاتلارنىڭ ئەمىرلىرى) شۇندىن كېيىن ماڭلايسۆيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەمدە چاغاتاي خانلىقى ۋە موغۇلىستان ھاكىمىيىتىدە يۇقىرى مەرتىۋىدە تۇرغان، ھەتتا بەزى مەزگىللەردە خانلارنى خەۋپسىرەتكەن، خانلارنى تەختكە چىقارغان. دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە مۇناسىپ ئىمتىيازلىرى كۆپىيىپ بارغان (چىڭگىزخان، تۇغلۇق تۆمۈرخان، خىزىر خوجا ئىلگىرى - كېيىن ئۇلارغا كۆپ ئىمتىيازلارنى ئاتا قىلغان). 1514 - يىلى دوغلات ئەمىرى مىرزا ئابابەكرى چىڭگىزخان نەسەبىدىن بولغان سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن يوقىتىلىپ ياركەنت خانلىقى (1680 — 1514) تىكلەنگەن. ياركەنت خانلىقىنىڭ 2 - ئەۋلاد خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان 1533 - يىلى تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن دوغلاتلارنىڭ تەسىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تۇبۇت يۈرۈشىدە قازا قىلىشىنى باھانە قىلىپ، دوغلات ئەمىرلىرىدىن بىر قانچەيلەننى قەتل قىلغان، بەزىلىرىنى سۈرگۈن قىلغان. «تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇئەللىپى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ تاغىسى شۇ قېتىمدا ئۆلتۈرۈلگەن، ئۆز ھاياتىدىن خەۋپسىرىگەن مۇئەللىپمۇ كەشمىرگە كېتىپ ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ھېمايىسىگە كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن دوغلاتلارنىڭ سەلتەنىتى تامامەن يوقالغان. دوغلاتلاردىن چاغاتايغا تەقسىم بولغان مىلك چېرىك ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغان 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇرۇنلا مۇسۇلمانلىشىپ بولغانلىقتىن، تەدرىجىي يەرلىك ئاھالە بىلەن ئارىسىدىكى پەرقلەر يوقىلىپ ئۇيغۇرلارغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ماڭلايسۆيە دېگەن ناممۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخىي ئاتالغۇغا ئايلىنىشقا باشلىغان.

**ئىزاھاتلار:**


[2][1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2007 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 48 -، 49 -، 182 - بەتلەر.

[4][3] راشىددىن فەيزۇللاھ: «جەمئۇت تەۋارىخ»، سودا باسمىخانىسى 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم 1 - كىتاب، 316 - بەت؛ 1 - توم 2 - كىتاب، 376 - بەت.

[5] مىرزا ھەيدەر دۇغلات: «تارىخى رەشىدى»، سەلەڭە نەشرىياتى 2006 - يىلى تۈركچە نەشرى، 167 - بەت.

[6] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرىنىڭ تارىخى - تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب، 155 - بەت.

[7] مۇخاممەد خايدار دۇلاتي: «تارىخي راشيدي»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2015 - يىلى قازاقچە نەشرى، 67 - بەت.

[8] مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2013 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6 - بەت.

[9] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئايازىي: «تارىخى رەشىدى»، ئۆزبېكىستان تاشكەنت، 2011 - يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 381 - بەت.

[10] مياۋ پۇشېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار»، 4 - تومغا كىرگۈزۈلگەن فاكسىمىل، 38 - بەت. گەنسۇ ئۆلكىلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش، تەرجىمە قىلىش مەركىزى نەشرى.

[11] «تارىخىي كاشغەر» (نەشرى نامى «چىڭگىزنامە»)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 66 - بەت.

[12] «تارىخىي كاشغار»، رۇسىيە سانكت پېتربۇرگ 2001 - يىلى نەشرى، قوليازمىنىڭ بېتىگە ، ئىندېكس ئۈچۈن كىتابنىڭ 75 - بېتىگە قاراڭ.

[13] بارتولد (جاڭ لى تەرجىمىسى): «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن، لەنجۇۋ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى» 2013 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 81 - بەت.

[14] بارتولد (جاۋ لىشېڭ تەرجىمىسى): «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»، جۇڭگو خەلقئارا رادىيو نەشرىياتى 2013 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 67 - بەت.

[15] بارتولد (ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى): «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى، 1987 - يىللىق 7 -، 8 -سان، 73 - بەت.

[16] بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى پارس تىلى تەتقىقاتخانىسى تۈزگەن: «پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى 1981 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 34 - بەت.

[17] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 89 - بەت.

[18] ئىبنى مۇھەننا: «ئىبنى مۇھەننا لۇغىتى»، باۋ چاۋلۇ تۈزگەن «مۇقەددىمەتۇل ئەدەپ» (موڭغۇلچە سۆزلۈكى)»گە كىرگۈزۈلگەن، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 247 - بەت.


(ئاپتور: چارقىلىق ناھىيەلىك پوچتا - تېلېگراق شىركىتىدە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

# قاراقۇرۇمدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ — «پۇلۇ»



ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن قارا

پۇلۇ — قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ كېرىيەگە تەۋە قىسمىغا جايلاشقان كەنت بولۇپ، ئۇ كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ 99 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى تاغ ئاراچلىرىدا ياشناپ تۇرىدۇ. پۇلۇ بوستانلىقى تارىم ۋادىسى بىلەن تىبەت ئېگىزلىكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى قاراقۇرۇمدىكى تاغلىق يىپەك يولىنىڭ بىرى بولغان ھاتەم پاشا يولى (كېرىيە تىبەت يولى)دىكى ئاساسلىق رابات بولۇپ، جەنۇبى يىپەك يولى مەدەنىيەت بەلبېغىدىكى ئۆزگىچە خاسلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئۈستى ئۈچۈق مۇزېيغا ئوخشايدۇ. قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ قاپتىلىدىكى بۇ يۇرت تېرەكلىك ساي دەرياسى بىلەن كوراپ دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدىكى دۆڭگە جايلاشقان، بۇ ئىككى دەريانىڭ قارمۇ قارشى قىرغاقلىرىدا فۇماس تېغى بىلەن تازلىققىر تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى دەريا پۇلۇ بوستانلىقى جايلاشقان سالملىق دۆڭنىڭ باغرىدا قوشۇلۇپ تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر شەرققە ئاققاندىن كېيىن شەرق تەرەپتىن كەلگەن ئۇلۇغ ساي بىلەن قوشۇلۇپ كېرىيە دەرياسىنى تەشكىل قىلىپ جەنۇبقا ئاقىدۇ. پۇلۇ بوستانلىقىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز تاغلار ۋە دەريالار پۇلۇغا ئۆزگىچە تەبىئەت مەنزىرىسى ئاتا قىلغان بولۇپ، پۇلۇغا كەلگەن ھەر قانداق ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ.

پۇلۇ — ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي تاغلىق يۇرت، كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى باش كەڭسۇلاق تاش قورال ئىزلىرى، كىچىك پۇلۇ تاش قورال ئىزلىرى، قاراتاش تاش قورال ئىزلىرى، زاراتلىق خارابىسى، ئۆچكۈلۈك توپ دەپنە قەبرىستانلىقى، ئەرەنلىك توپ دەپنە قەبرىستانلىق خارابىسى، گورىيار خارابىسى، ئاقتاش غوجام مازىرى خارابىسى... قاتارلىق قەدىمىي خارابە - ئىزلار بار — بۇ خارابە - ئىزلارنىڭ ئېنىقلانغان يىل دەۋرىگە ئاساسلانغاندا پۇلۇ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئىنسانىيەت ھايات پائالىيىتىنى باشلىغان ۋە مەدەنىي ھايات سىجىل داۋاملاشقان قەدىمىي ماكانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى — ئۇزۇنتات ئېلىنىڭ جەنۇبى چېگراسىدىكى كۆجۈم يۇرت پۇلۇ تارىختا تىبەت ئېگىزلىكى بىلەن تارىم ۋادىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھاتەم پاشا يولىدىكى ئاساسلىق رابات بولغان. شۇڭىمۇ بىر قىسىم تارىخچىلار بۇ يولنى «ئۇدۇن - تۇبۇت يولى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ يول تىبەتلەر تارىم ۋادىسىنى ئىگىلىگەن8 -، 9 -ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ تارىم ۋادىسىغا باستۇرۇپ كىرىشىدىكى ئاساسلىق ئۆتۈشمە بولغان، تەتقىقاتچى دوك جىجىن ۋە ماۋېيلار «تىبەت خانلىقى دەۋرىدىكى تىبەت، غەربى يۇرت قاتنىشى ۋە ئۆتەڭلىرى ھەققىدە بايان» ناملىق ماقالىسىدا بۇ يولنىڭ لىنىيەلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يول شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى ئالى رايونىدىن باشلىنىپ، جەنۇبقا سوزۇلۇپ كېرىيە تاغ ئاغزى — پۇلۇ — نۇر (قەدىمكى چىرا بەگلىكى) — يۇمى (كېھمى) — جېش شەھىرى (دەندان ئۆيلۈك) — مازار تاغ ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىسدا ئۇدۇنغا يېتىپ بارىدۇ، بۇ يول تىبەتلەر تارىم ۋادىسىنى ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن تىبەتلەرنىڭ غەربى يۇرتقا كىرىپ چىقىشىدىكى مۇھىم يول لىنىيەسى بولغان. بۇ يول لىنىيەسى ئۇدۇل، بېرىپ كېلىشكە قولاي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەم بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما تاغ يولىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى، ھاۋا شالاڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن تىبەت ئىشغالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ يول پەسكويىغا چۈشۈپ قالغان.»① پۇلۇ مانا مۇشۇ يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كېرىيە بوستانلىقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئاھالە نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قەدىمى يۇرت يىراق تارىختىن باشلاپ كېرىيە ئايمىقىنىڭ مەمۇرى باشقۇرۇشىدا بولغان، ئازادلىقنىڭ ئالدى - كەينىدە بىر مەزگىل چىرا ناھىيەسىگە قارىغان، يەنى تارىختىن بۇيان كېرىيەنىڭ بىر يېزىسى بولغان «چىرا كەنتى»گە 1919 - يىلى «نائىپ ناھىيە» نامى بېرىلگەن بولۇپ 1929 - يىلى 3 - ئايدا گۇلاخما، دامكۇ قاتارلىقلارمۇ قوشۇپ بېرىلىش ئارقىلىق 3 - دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان، شۇ ۋاقىتتا پۇلۇ، ئۈچكەبولۇڭ قاتارلىق تاغلىق كەنتلەرمۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان چىرا ناھىيەسىنىڭ ئىماملا يېزىسىغا قارىغان، 1956 - يىلى پۇلۇ ۋە ئۈچكەبولۇڭ كەنتى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئاچچان يېزىسىغا تەۋە قىلىنغان ۋە شۇ يېزىغا تەۋە مەمۇرى كەنت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. پۇلۇدا 300 دىن ئارتۇق ئائىلە، 1400 دىن ئارتۇق نوپۇس بار، تېرەكلىك ساي، چوڭ پۇلۇ، كىچىك پۇلۇ قاتارلىق مەھەللىلەرگە بۆلۈنىدۇ.

تارىختا پۇلۇ يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى لىنىيەسى بىلەن تىبەت ئېگىزلىكى، ھىندىستان كەشمىر رايونلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ سۈپىتىدە رول ئوينىغان، بۇ يەردە تۆرلۈك مەقسەتلەر بىلەن ماڭغان چوڭ - كىچىك كارۋانلارنىڭ ئاياغ ئىزى ئۈزۈلمىگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى، تەيۋەن ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەر ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەر پۇلۇنى تۈگۈن قىلىپ قاراقۇرۇم تاغلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئېگىز تاغ ساياھەتچىلىكىدىن بەھىر ئالماقتا ھەمدە ئانتىروپولوگىيە، فولكلور، گېئولوگىيە... قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. ھەتتا بىر قىسىم تەۋەككۈلچىلەرمۇ بۇ جايغا چىقىپ ئەڭ خەتەرلىك ھاياتلىق سىنىقىغا بەل باغلىماقتا. بۇ خىل ھالەت پۇلۇدا مەخسۇس يول باشلىغۇچىلىق بىلەن تۇرمۇش روزىغارىنى قامدايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. تۆرلۈك ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرى، ساياھەتنامىلەر ۋە ساياھەت تور بېكەتلىرىدە ئىسمى، سۈرىتى ۋە مىجەز - خاراكتېرىغا قەدەر ئىنچىكە خاتىرىلەنگەن يول باشلىغۇچى ئامان سايات، ھېيتاخۇن قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىپەك يولىنىڭ چۆلدەرىشگە ئەگىشىپ تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدىكى پارچە - پارچە بوستانلىقلار قاتارىدا پۇلۇ بوستانلىقىنىمۇ بەھەيۋەت قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە ئەتراپىدىكى قاغجىراپ كەتكەن چۆل - داللارنى تەبىئىي توساق قىلىپ ھازىرقى زامان مەدەنىيەتلىرىنىڭ تاشقى غىدىقلىشىدىن خالىي ھالدىكى خىلۋەت جۇغراپىيەلىك ماكانغا ئايلانغان، شۇنداقلا ئۇزاق ئەسىر داۋاملاشقان بېكىنمىچىلىك ئىچىدىكى ئاددىي ۋە رىتىملىق ناتۇرال تۇرمۇش ئىگىلىكى بۇ جايدا يىراق قەدىم زامان مەدەنىيەتلىرىنىڭ شۇ پېتى ساقلىنىپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن. پۇلۇدىن ئىبارەت بۇ مۆتىۋەر يۇرت ئۆز قوينىدا تالايلىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، ئېتنوگراپىك خۇسۇسىيەتلەرنى، ئۆرپ - ئادەت خاسلىقلىرىنى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ ياتقان، بۇ ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك رايونغا جايلاشقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە پۇلۇ خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا جۇغراپىيەلىك بېكىنمىچىلىك ئاتا قىلغان بۇرۇقتۇرما ئىجتىمائىي مۇھىتتىمۇ ھاياتقا تۇتقان قىزغىن مۇئامىلىسى، ئېسستېتىك قارىشى، تىرىشچان، ئەمگەكچان خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەنلىكىنىڭمۇ مەھسۇلى.

پۇلۇ — قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدىكى ئەڭ سىرلىق، ئەڭ جەلپ قىلارلىق ھەم ئەڭ كۆجۈم بىر جاي، بۇ جاي تارىختا تارىم ۋادىسى بىلەن تىبەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان شايار — كېرىيە — تىبەت يولىنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى ئەڭ ئاساسلىق رابات.

ئۇنداقتا «پۇلۇ» دېگەن بۇ نام قانداق پەيدا بولۇپ قالغان؟

بۇ نام ھەققىدە خەلق ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان مۇنداق يەتتە خىل كۆز قاراش بار:

1 . «پۇلۇ» — ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ شاھى بولغان «پولۇ»نىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر مۇنداق رىۋايەتلەرنى كەلتۈرىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا بوستانلىق رايونىدىن بىر نەچچە يۇرت چوڭلىرى تاغ - باياۋانلارنى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەپتۇ. تاغلىق رايونلاردا ئادەتتە شال تېرىلمايدىغان، گۈرۈچ چىقمايدىغان بولغاچقا، تاغلىق كىشىلەر پولۇنى بەكمۇ چوڭ بىلىدىكەن ھەمدە ئەڭ ئەزىز مېھمانلىرىنىلا پولۇ ئېتىپ ئۇزىتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كاتتا مېھمانلارنى كىشىلەر ئۆيلىرىگە نۆۋەت بىلەن چاقىرىۋېلىپ مېھمان قىلىپتۇ، ئەمما ھەممە ئۆينىڭ ئىگىلىرى مېھمانلارنى پولۇ ئېتىپ كۈتۈۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مېھمانلار بۇ جاينى «پولۇ» دەپ ئاتاپتۇ ۋە كېيىنچە ئۆزگىرىپ «پۇلۇ» بولۇپ قاپتۇ. «پۇلۇ» «پولۇ»دىن ئۆزگەرگەن دېگەن قاراشنى ئاساسلايدىغان يەنە بىر رىۋايەتتە دېيىلىشتە، ھاتام پاشا يولى (پۇلۇ تىبەت يولى) بىلەن تىبەت تەرەپتىن

كېلىۋاتقان بىر بۆلۈك كىشىلەر سەپەر ئۈستىدە پولۇ يېگۈسى كېلىپ، يول بويى بىر قانچە قونالغۇدا پولۇغا تۇتۇش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئېگىز تاغ رايونىدا پولۇ دەم يېمەي بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماپتۇ. ئۇلار ئاخىرى مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن هازىرقى پۈلۈغا كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئېتىپ باقايلى دەپ تۇتۇش قىلغانىكەن، پولۇ دەم يەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ تاغلىق رايوندىكى پولۇ دەم يېيەلەيدىغان جاي ئىكەن، دەپ «پۈلۈ» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

2 . «پۈلۈ» — «بۆلۈك» دېگەن سۆزنىڭ «ك» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىشى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا «بو»نىڭ «پۇ»غا تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن «پۈلۈ»غا ئۆزگىرىپ قالغان②، دېگەن قاراش. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساسى پۈلۈنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇلار پۈلۈ ئىككى دەريا ئۇچرىشىدىغان بۆلۈكتە جايلاشقان، شۇڭا «بۆلۈك» دەپ ئاتالغان، كېيىنچە «بۆلۈك» — «بۆلۈ» — «پۈلۈ» بولۇپ ئۆزگەرگەن، دەپ قارايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «بىتىك»مۇ كېيىنچە «پۈتۈك»كە ئۆزگەرگەنلىكىگە قاراپ «ب» نىڭ «پ» غا ئايلىنىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە، دەپ قارىساقمۇ، ئەمما بۈگۈنكى زاماندىمۇ پۈلۈنىڭ ئەتراپىدىلا «بۆلۈك» سۆزى بىلەن بىلەن بىرىككەن يەر ناملىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە «بۆلۈك» سۆزىنىڭ تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا ھېچقانداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىماي تۇراقلىق ھالىتىنى ساقلاپ قالغانلىقى بۇ قىياسنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ «بۆلۈك» سۆزىنى ئىزاھلىغان ۋە ھازىرغىچە ئىزچىل «بۆلۈك» تەلەپپۇزىدا ساقلىنىپ كەلگەن.

3 . «پۈلۈ»نى «ئون پۈلۈ» دېگەن قاراش. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى «ئون پۈلۈ» ئەسلى «ئون پۈللۈغ» دېگەن سۆز بولۇپ، تارىختا پۈلۈدا ئۆتكەن ئون مەشھۇر باينى ئىما قىلىپ شۇنداق ئاتىغان. كېيىنچە «ئون پۈللۈغ» دېگەن سۆز «ئون پۈلۈ» دەپ قىسقىراپ قالغان، دەپ قارايدۇ. ھەتتا 30 ـ، 40 ـ يىللاردا ئۆز بايلىقى بىلەن پۈلۈدا نامى مەشھۇر بولغان سەيدى ھاجىم، نۇر بەگ، توختى خەلپەم، نىياز غاز، چۇرۇق پالىك، مەممەت بۇقا، قايىم تېكە، ئاۋۇلا خەلپەم، نىياز شەيخ، باۋۇدۇن ھاجىم ... قاتارلىق ئون چوڭ باينى ساناپ ئۆتۈپ بۇ پىكرنى قۇۋۋەتلەشكە ئۇرۇنىدۇ. يۇرت ناملىرىنى سان ئېنىقلىغۇچىسى بىلەن ئاتاپ قويۇش كېرىيەدە كەڭ ئومۇملاشقان، مەسىلەن «ئۈچ مىڭ كېرىيە»، «ئاتمىش ئويتوغراق»، «بەش توغراق» دېگەندەك. پۈلۈمۇ «ئون پۈلۈ» دەپ ئاتاپ قويۇلىدۇ. ئەمما پۈلۈدىكى نامى مەشھۇر بولغان ئون باي مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنلا «پۈلۈ» دېگەن يەر نامى ئاللىقاچان تارىخ قۇرلىرىدا زىكرى قىلىنىپ بولغان.

4. پۈلۈلۈقلارنىڭ قولدا توقۇلىدىغان جاۋا گىلەمنى توقۇشقا ماھىرلىقى ۋە جاۋا گىلەم توقۇشنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، «پۈلۈ» دېگەن بۇ نام تىبەت تىلىدىكى «جاۋا گىلەم» مەنىسىنى بېرىدىغان «پۈلۈ» دېگەن تىبەتچە سۆزدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراش. بۇ قاراشتىكىلەر ھەتتا بۇ قارىشىنى تېخىمۇ ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن پۈلۈنىڭ قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقانلىقىدەك جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە تىبەت ئېگىزلىكىگە چىقىپ كېتىشتىكى ئاساسلىق تۈگۈنلۈك رولىنى شىپى كەلتۈرۈپ «پۈلۈلۈقلار تىبەتلەرنىڭ ئەۋلادى» دېگەن يەرگىچە بارىدۇ.

5. «پۈلۈ» — «پۇل» دېگەن نامدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى قاراقۇرۇم ئېكسپېدىتسىيە ھەۋەسكارى ۋاڭ تيېنەن بولۇپ، ئۇ «يانار تاغ ئېغىزىنى ئىزدەش» ناملىق ماقالىسىدە «‹پۈلۈ› ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ ‹پۇل› دېگەن مەنىگە ئىگە» ③ دەپ يازىدۇ.

6. پۈلۈ تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان «بولۇر» دېگەن جاي نامىنىڭ يۆتكەپ شەرھىلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن، دېگەن قاراش. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساسى مۇنداق: «بولۇر» مەشھۇر ئۆتەڭ بولۇپ، سىماچيەننىڭ «تارىخى خاتىرىلەر»دىن باشلاپ ئىسمى كۆپ جايدا زىكرى قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇ ھازىرقى كەشمىر رايونىنىڭ پاكىستان ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان يېرىگە جايلاشقان (بولۇر چوڭ بولۇر ۋە كىچىك بولۇر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، چوڭ بولور كەشمىرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بالىستاننى، كىچىك بولور پاكىستاننىڭ شەرقىدىكى ياسىن دەريا ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ)، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر پۈلۈنىڭمۇ بولۇرغا ئوخشاش مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى چىقىش قىلىپ بۇ جاينى بولۇرغا ئوخشىتىپ «بولۇر» دەپ ئاتىغان، كېيىنچە «پۈلۈ»غا ئۆزگەرگەن.

7. پۈلۈ — «كىچىك سېۋەت»، «قوشۇقلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «پۈلۈق» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراش. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سۆگەت چىۋىقىدىن توقۇلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى «پۈلۈق» ئۆي ـ ئۆيلەردە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر يېزا تۇرمۇشىغا يېقىن بۇ بۇيۇم يەر ناملىرى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تارىختا پۈلۈ «بۇستان بۇيان» دەپمۇ ئاتالغان، ئەمما «بوستان بۇيان» دېگەن بۇ نامنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئىستېمالدىن قالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەسلى نامنىڭ شۇنداق

ئاتالغانلىقىنى پۇلۇلۇقلارنىڭ چوڭدىن كىچىككىچە ھەممىلەنىڭ بىلىشى بۇ نامنىڭ ئىستېمالدىن قېلىشىنىڭ تېخى يېقىنقى دەۋردىكى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ھېچبىر تارىخىي ماتېرىيالدا «بوستان بۇيان» دېگەن نام خاتىرىلەنمىگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى»، «خوتەن ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي خەرىتىسى» قاتارلىق ماتېرىياللاردىمۇ بۇ جاي ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇز بىلەن «پۇلۇ» دەپ ئېلىنغان. 1883 - يىلى پۇلۇغا چىققان ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژېۋالسكىينىڭ خاتىرىسىدىمۇ بۇ جاي «پۇلۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ياپونىيەلىك تاجىبانا زىچېيۇمۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسى» ناملىق كىتابىدا لوندۇندىن قايتىش سەپىرىدە 1911 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېرىيەگە يېتىپ كېلىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە ئۆتۈپ كېتىش پىلانىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ ھەمدە تاغ ئېچكىرىسىدىكى «پۇلۇ» دېگەن يەرگە كەلگەنلىكىنى يازىدۇ.

ئەمما، ھېچقانداق بىر يازما ماتېرىيالدا «بوستان بۇيان» دېگەن نام ئۇچرىمايدۇ، ھەتتا «پۇلۇ» نامىنىڭ كېيىنگە «بۇستان بۇيان» دېگەن نامنى ئىزاھلايدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرىمايدۇ. پەقەت پۇلۇدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخس شىرىپ بوجاڭنىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ 2007 - يىلى ئىشلەنگەن ھېكايە فىلىمنىڭ نامى «بوستان بۇياندىكى پاجىئە» دەپ قويۇلغان.

پۇلۇنىڭ «بوستان بۇيان» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب پۇلۇنىڭ مەركىزى بوستانلىقى جايلاشقان داۋان جەنۇبى يان تەرىپىدىن تۆۋەنلەپ كوراپ دەرياسى بىلەن تېرەكلىك ساي دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدا تۈگەللەنسە، يەنە بىر تەرىپى بارغانسېرى كېڭىيىپ، سالمىلىق دۆڭ ئارقىلىق باشقا ئېگىز تاغلارغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. تاغلىق رايونلاردا تاغلارنىڭ جۇغراپىيەلىك شەكلىنى ئادەم ئورگانىزمىنىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ يەر - جاي ناملىرىنى ئاتايدىغان ئادەت كەڭ ئومۇملاشقان، شۇ قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بۇ جاي ئادەتتە «بۇيان»، «بويۇن» دېيىشكە مۇناسىپ. پۇلۇلۇقلارمۇ «ئەسلىدە سالمىلىق دۆڭ تۆۋەن باغ تەرەپكە سوزۇلغان بولۇپ، بۇ دۆڭ تەدرىجىي يېيىلىپ، تۈزلىنىپ، گەدەنلىشىپ ئادەم ئولتۇراقلاشقان» دەيدۇ. دېمەك، «بوستان بۇيان» دېگەن بۇ نام «تاغنىڭ بويۇن قىسمىدىكى بوستانلىق» دېگەن نامدا شۇنداق ئاتالغان، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «بوستان بۇيان» دېگەن نام پەقەت پۇلۇ بوستانلىقىنىڭ مەركىزى قىسمى — چوڭ پۇلۇ جايلاشقان كىچىك دائىرىلىك يەر نامى بولۇپ، ئېغىز تىلدا بەزىدە ئومۇمىي نام سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلگەن ۋە كېيىنچە يەنىلا ئومۇمىي نام «پۇلۇ» دېگەن تارىخىي ئاتالغۇ تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە نۆۋەتتە دىيارىمىزدىكى مەنىسى ئېنىق بولمىغان يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىككى خىل چوڭ خاتالىق ساقلانغان: بىرى، تەلەپپۇزى تاسادىپىي يېقىن كېلىپ قالغان ھازىرقى زاماندىكى مەلۇم سۆزگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە شۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈش؛ يەنە بىرى، يات تىللارغا مۇراجىئەت قىلىپ، شۇ تىللاردىكى مەلۇم بىر ئاھاڭداش سۆزدىن قارىغۇلارچە مەنبە ئىزدەش.

ئەمەلىيەتتە قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى ئاھالىلەر پارچە - پارچە جايلىششتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ تاشقى تەسىرىگە ئىنتايىن ئاز ئۇچرىغان. ئەجدادلىرىمىز قەبىلىۋى ھالەتتە ياشىغان ئاشۇ ئۇزاق دەۋرلەردە ئىشلەتكەن قەدىمىي تىل ئېلېمېنتلىرى بۇ رايونلاردا دىيالېكت ۋە يەر ناملىرى ئارقىلىق ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن، شۇڭا «پۇلۇ» دېگەن يەر نامىنىمۇ قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە دىيارىمىزنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان بىر تالاي مەنىسى ئايدىڭ بولمىغان يەر ناملىرى قاتارى ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىر ئىلگىرى ئىشلەتكەن ھەمدە تەسىرى ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قەدىمىي تىللارغا مۇراجىئەت قىلىپ شەرھلىگىنىمىز ئاقلانىلىك بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭ جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە «ناھىيە مەركىزىدىن جەنۇبقا 1430 چاقىرىم مېڭىپ، شىزاڭ چېگراسىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن ۋە بۇيەردە 16 يەر نامى مۇساپە ئارىلىقى بويىچە خاتىرىلەنگەن. ئۇلار: بوغاز لەڭگەر (45 چاقىرىم)، توغراق (30 چاقىرىم)، پۇلۇ (140 چاقىرىم)، ئېشەك ئارت (40 چاقىرىم)، خان يايلاق ئاغزى (30 چاقىرىم)، قارياغدى (40 چاقىرىم)، سۇبېشى لەڭگەر (70 چاقىرىم)، سېغىزكۆل (120 چاقىرىم)، كۆكيار داۋان (130 چاقىرىم)، ھاتەم پاشا (100 چاقىرىم)، كېرىيا (150 چاقىرىم)، كېرىيا سۇبېشى (140 چاقىرىم)، تۇزكان (150 چاقىرىم).

بۇ ئەينى دەۋردىكى يول ئەھۋالىدىن دېرەك بېرىدىغان قىممەتلىك يازما خاتىرە ھېسابلىنىدۇ.

يەر ناملىرىمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىلىم، شۇنداقلا تارىخىي رېئاللىقنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىلىم. شۇڭا بىز يەر ناملىرىنىڭ مەنىلىرىگە ئىزاھ بەرگەندە خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلىنىپ، ئەينى دەۋردىكى تارىخىي شارائىت ۋە ۋەسىقىلەرگە مۇراجىئەت قىلغان ئاساستا يەكۈن چىقىرىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن «پۇلۇ» دېگەن بۇ نام قەدىمىي تارىشا پۈتۈك ۋە باشقا يازما ۋەسىقىلەردە

كۆرۈلىدۇ. بۇنداق پۈتۈكلەرنىڭ تارىخىنى مىلادى 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردىكى تىبەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى زامانلارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

تىبەتلەر تارىم ۋادىسىغا 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ھەربىي يۈرۈش باشلىغان، مىلادىيە 665 ـ يىلى ئۇدۇنغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇدۇن ھاكىمىيىتىنى بىر مەزگىل كونترول قىلغان. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇدۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خانلىقلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، 675 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقىرىلغان. 688 ـ يىللىرى تىبەتلەر يەنە ئۇدۇنغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، 692 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، يەنە قوغلاپ چىقىرىلغان. ئەمما ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنمۇ پاراكەندىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى توختاتمىغان. بۇ ھەقتە «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىمۇ «شەرق تەرەپتىكى كەنجۇ (كېھما ئوبلاستى، يەنى شۇ دەۋردىكى كېرىيەنىڭ نامى) دائىم تىبەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ۋەزىيەت تۇراقسىزلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى»④ دېيىلگەن.

تىبەت «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دە مۇنداق مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن: ««چوڭ ئىشلار خاتىرىسى›نىڭ 223 ـ، 224 ـ بەتلىرى: 60 ـ يىلى، كالا يىلىدا (مىلادىيە 741 ـ يىلى) بىزاڭلىدوڭ ئىستاپ پۇلۇ بەگلىكى(bru-zha) گە ئەسكەر كىرگۈزدى، قىش پەسلى زەنپۇ بىراگمار ئوردىسىغا قايتقان ۋاقىتتا پۇلۇ بېگى باش ئېگىپ بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. ‹چوڭ ئىشلار خاتىرىسى›نىڭ 230 ـ، 231 ـ بەتلىرى: 69 ـ يىلى، يەنى ئەجدىھا يىلى (مىلادىيە 740 ـ يىلى) ياز كۈنلىرى زەنپۇ تۇرۇۋاتقان مىتشار بۇسىنانىڭ نىياڭ مولىن ئوردىسىدا كىرىمالود مەلىكە پۇلۇ (bru-zha) بېگىگە ياتلىق قىلىندى.»⑤

مەزكۇر كىتابنىڭ «ئۇدۇن چېگراسى ۋە ئۇدۇنغا مۇناسىۋەتلىك زېمىنلار ۋە دۆلەتلەر» دېگەن بۆلىكىدە پۇلۇ «bru-zha»نى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «پۇلۇ (bru-zha) — ئۇدۇن تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمى.»⑥

بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تىبەتلەر تارىم ۋادىسىغا قىلغان كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرىدە پۇلۇ بوستانلىقىغا ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى سۈپىتىدە قارىغان ۋە پۇلۇ ئارقىلىق كېرىيە بوستانلىقىغا تەھلىكە سېلىپ تۇرغان.

كېيىنچە، تىبەتلەر ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن ۋە تارىم ۋادىسىنى ئىگىلەش غەرىزىگە يەتكەن. مىلادىيە 793 ـ يىلىدىن مىلادىيە 866 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 70 نەچچە يىل جەنۇبىي يىپەك يولى ۋە شەرقىي شىنجاڭ تەرەپلەرنى ئىدارە قىلغان. بۇ دەۋردە ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقى تىبەتنىڭ كونتروللىقى ئاستىدا تۇرغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن تىبەت ئىشغالىيەتچى قىسىملىرى ۋە تىبەت خەلقى ئۇدۇن دائىرىسىگە كىرىپ كەلگەن. «تىبەتلەر ئۆزىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇدۇننىڭ مازار تاغ، ئەندىرە دەريا ۋادىسى ۋە كېرىيە تاغلىرىنىڭ شىمالىدا قەلئە ـ قورغانلارنى سالدۇرۇغان.» (لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، 198 ـ بەت). شۇ مەزگىلگە مەنسۇپ نۇرغۇنلىغان تىبەت تىلىدىكى ۋەسىقىلەر، تارىشا پۈتۈكلەر مازار تاغ، نىيە، مىرەن، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىپ قالغان.

ئەنگلىيەلىك مەشھۇر شەرقشۇناس، قەدىمكى تىبەت تىلى مۇتەخەسسىسى ۋ. پ. توماس (1886-1956) مازارتاغ، دۇنخۇاڭ، مىرەن، نىيە قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تىبەت تىلىدىكى قەدىمى يازما ـ ۋەسىقىلەرنى توپلاپ ۋە تەرجىمە قىلىپ «دۇنخۇاڭ غەربىي يۇرت قەدىمكى تىبەت تىلىدىكى ئىجتىمائىي تارىخى ھۆججەتلەر» نامىدا نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ كىتابتا نەقىل ئېلىنغان تىبەتچە ۋەسىقىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىدا پولۇ (polu) ، ۋبرۇ (vbru) نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار مىلادىيە8 ـ،9 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان بۇ ۋەسىقىلەردە ئۇچرىغان مەزكۇر يەر ناملىرىنى كەشمىرنىڭ ياسىن دەريا ۋادىسىدىكى «بۇلۇر»نى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمما يەنە كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ يەر ناملىرى ئۇدۇن تەۋەلىكىدىكى تاغلىق رايونغا تەۋە بىر ئۆتەڭنىڭ ئىسمى، يەنى بۈگۈنكى «پۇلۇ»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ «vbru»(ۋبرۇ) دېگەن سۆز «پۇلۇ» دېگەن سۆز بىلەن تەلەپپۇز يېقىنلىقىغا ئىگە بولۇپ، «پۇلۇ» نامى ئەينى ۋاقىتتا تىبەتلەر تەرىپىدىن «ۋبرۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئېنىق.

تەتقىقاتچى ياڭ مىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى تىبەت بىلەن ئۇدۇننىڭ قاتناش ئالاقە يول لىنىيەسى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدا «پۇلۇ (vbru)نىڭ قەدىمكى نامى پانىي (帕涅) ياكى پۇلۇۋ (普罗) بولۇپ، ‹ئۇدۇن يىلناملار تارىخى› ناملىق كىتابتا «Vbru so lo nya» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۈگۈنكى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئاچچان يېزا تەۋەلىكىدە، بۇ جاينىڭ 72 كىلومېتىر شىمالىغا ناھىيە بازىرى جايلاشقان، كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدىكى دەريا ھاۋزىسىغا مەنسۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2320 مېتىر كېلىدۇ. پۇلۇ خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يۈمى (كېرىيە) ئېلىنىڭ جەنۇبىي چېگراسى بولغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۇلۇدىن شىمالغا يۈرۈپ چىرا كەنتىگە، جەنۇب تەرەپكە يۈرۈپ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىغا بارغىلى بولاتتى»⑦ دەپ يازىدۇ.

ئۇنداقتا «پۇلۇ» دېگەن بۇ نام قانداق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؟

ۋ. پ. توماس«vbrog» سۆزىنى «ئېگىزلىكتىكى يايلاق»⑧، «پو» سۆزىنى بولسا «ھەيۋەتلىك، چوڭ، ئېگىز» دەپ ئىزاھلايدۇ. گەرچە ۋ.پ. توماس بۇ سۆزلەرنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە ئېتمولوگىيەسى ھەققىدە چۈشەنچە بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پۇ» سۆزىنىڭ «ئېگىزلىك، باش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئېنىق. «قەشقەر يەر ناملىرى» ناملىق كىتابتا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ تاغلىق كەنتى پاخپۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «پاخپۇ— قاغىلىق ناھىيەسى شىخشۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان كەنت نامى. پاخپۇ — ئېگىز جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ يەر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ھەمدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان» («قەشقەر مەجمۇئەسى — قەشقەر يەر ناملىرى» 61 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2010 - يىلى 4 - ئاي نەشرى). يۇقىرىقى كىتابتا يەنە قاغىلىق ناھىيەسىدىكى «شىخشۇ» دېگەن يەر نامىنىڭ «چوخپو» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەنلىكى، «چوخپو» بولسا «ھەيۋەتلىك»، «سۈرلۈك»، «چوڭ» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان چوغ («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 212 - بەت (سۆزى بىلەن «دەريا، ئېقىن» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «پو» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ، («قەشقەر مەجمۇئەسى — قەشقەر يەر ناملىرى» 219 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2010 - يىلى 4 - ئاي نەشرى). بۇ يەردە «پو» سۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن «دەريا، ئېقىن» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىزاھات بېرىلمىگەن، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دا «پو» سۆزى ھەققىدە ئىزاھ يوق، ئەمما «پى — تۈزلەڭ، تۈزلەڭلىك» دەپ ئىزاھلانغان («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 225 - بەت).

ھېلىھەم كېرىيە يەرلىك شېۋىسىدە «پو» سۆزى «ئېگىز، باش» دېگەن مەنىدە قوللىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، كېرىيە شېۋىسىدە «قاقپو» تاڭ سەھەر، باش پەللە دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قاقپودا ئورنۇڭدىن تۇرىۋاپسەنغۇ»، «قاقپودا مەن بېجىرىۋېتەي دېدىمغۇ» دېگەندەك جۈملىلەردە كېلىدۇ. بۇ يەردىكى «پو»مۇ «باش» دېگەن مەنىدە كەلگەن. «پو» سۆزىنىڭ «باش، ئېگىزلىك، كۆتۈرۈلۈپ چىققان يەر» دېگەن مەنىلىرى يەنە پۇخاق، پوم، پۇرمە، پومزەك ... دېگەن ئىسىملاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

دېمەك، يۇقىرىقى شەرھ ۋە بايانلارغا تەققاسلاپ مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا، «پۇلۇ» دېگەن بۇ نامنى «ئېگىزلىك، ئېگىزلىكتىكى يەر» دەپ ئىزاھلاش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسا كېرەك. پۇلۇ بوستانلىقىدا «پۇماس قىر» ئاتىلىق بىر تاغ بولۇپ، پۇلۇ بوستانلىقىنى يالاپ ئۆتىدىغان كوراپ دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ نام ھەققىدە تەتقىقاتچى شىرىپجان قاسىم «پۇماس قىر — پۇماس سۆزىنىڭ مەنىسى ‹گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان› دېگەننى بىلدۈرىدۇ» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 1 - سانىدىكى «خوتەن يەر ناملىرىدىكى دىيالېكت تەركىبلىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىغا قاراڭ) دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتە «پۇماس» دېگەن يەر نامى «ئېگىزلىككە يۈكسەلگەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇقەررەر.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، «پۇلۇ» نامىنىڭ تىبەت تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرىشى ۋە تىبەت تىلى مۇتەخەسسىسى بولغان ۋ. پ. توماسنىڭ شەرھىيلىرىگە ئاساسەن ئۇنى تىبەت تىلىدا قويۇلغان نام دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، بۇ پەقەت ئەسلىي مەۋجۇت بولغان يەر ناملىرىنىڭ تىبەتلەر ھۆكۈمرانلىقى باشلانغاندىن كېيىن تىبەت تىلىدا خاتىرىلىنىشى، خالاس. بۇ ھەقتە ۋ. پ. توماسمۇ ئۆز كىتابىدا «بۇ ناملار ئوخشاشلا تىبەت تىلىدا ئەمەس، تىبەتلەر ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىشتىن بۇرۇنلا شۇنداق ئاتالغان»⑨ دەپ يازىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① خەنزۇچە «كۆزنەك» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىلى 3 - سانى، 127 - بەت.

② «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» 2 -قىسىم 77 -بەت

③ «پامىر» ژۇرنىلى(خەنزۇچە)، 2005 - يىللىق 2 - سان 72 - بەت.

④ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 - قىسىم) 149 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىل نەشرى

⑧ ⑨ ⑥ ⑤ ۋ.پ. توماس(ئەنگلىيە): «دۇنخۇاڭ غەربىي يۇرت قەدىمكى تىبەت تىلىدىكى ئىجتىمائىي تارىخى ھۆججەتلەر» (لىيۇ جۇڭ، ياڭ مىڭ تەرجىمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى 218 - بەت.

⑦ «تاڭ دەۋرىدىكى تىبەت بىلەن ئۇدۇننىڭ قاتناش ئالاقە يول لىنىيەسى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «جۇڭگو تىبەتشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، 2012 - يىللىق 2 - سان 110 - بەت.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

# رۇبائىيلار

تۇرغۇن يىلتىز

1

ياشلىقتا ئىشەنمە، كەلسە قۇت باشلاپ،
كۆپ بەھرە ئالماستا كېتىدۇ تاشلاپ.
ئۆگەنگىن، جاۋاب ياز، ئىمتىھان تولا،
پايدا يوق، ئولتۇرساڭ بېشىڭنى قاشلاپ.

2

ياشلىقلىق گۈلئۇزار، ياشلىقلىق باھار،
ياشلىقلىق بەختيار، ياشلىقلىق بازار.
مېۋىلىك دەرەخلەر ئاچمىسا چېچەك،
مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد يوق زىنھار.

3

ياشلىقلىق گۈزەلدۇر، چېھرىڭ ئاي، چولپان،
سۆلكىتىڭ نەۋقىران، چاچلىرىڭ بوستان.
ھېسسىيات تۇلپارىڭ تۇرىدۇ كىشنەپ،
تەندە كۈچ، دىلىڭدا ئۇلۇغۋار ئارمان.

4

بىل، ياشلىق مەزگىلىڭ گوياكى ئالتۇن،
قىلغۇسى بايلىقىڭ ھەر كىمنى مەپتۇن.
كۇنسېرى ئازىيار ئىشلەتمىسەڭمۇ،
دەل ئىشلەت، كۆز تىككەن ئوغرى ھەم نۇرغۇن.

5

قىممەتلىك ھاياتنىڭ سۆلتى ياشلىق،
تەن ساقلىق، روھ پاكلىق دۆلتى ياشلىق.
لېكىن تېز كېتىدۇ يانماس سەل كەبى،
ھەر كىمگە پەقەت بىر نۆۋىتى ياشلىق.

6

ياشلىقلىق شاش، خۇشال، غەمسىز چاغلىرىڭ،
ئۈز، خۇش بۇي گۈل - چېچەك ئاچار باغلىرىڭ.
ئىجتىھات، مېھنەتتە قىلمىساڭ پەرۋىش،
بولغۇسى ھەممىسى ئۆمۈر داغلىرىڭ.

7

ياشلىقلىق ئېقىن سۇ، ئېقىپ كېتىدۇ،
بىر لەھزە چاقماقتەك چېقىپ كېتىدۇ.
پۇرسەتنى تۇتمىساڭ، كۈتمە چىن ۋىسال،
ئارماندىن دىلغا ئوت يېقىپ كېتىدۇ.

8

ياشلىقنىڭ تەبىرى ئۆگەنگۈچى، بىل،
ئۆگەنگىن، بىلىمدىن قۇياش ئالسۇن دىل.
مەنىۋى بايلىقتىن قۇتلانسا ئۆزلۈك،
ياشايسەن بىر ئۆمۈر قەيسەر، غالىب، خىل.

9

ياشلىقنىڭ تەبىرى سۆيگۈ - مۇھەببەت،
ئەۋجىدە بالاغەت، قۇۋۋەت، لاتاپەت.
ئوتتا ئۆز - ئۆزىنى كۆيدۈرمەس ئاقىل،
مەجنۇنلۇق ئادەمگە ھەسرەت، رىيازەت.

10

ياشلىقتا ئۆگەنگەن مۆھۈر چوڭ تاشقا،
چوڭ بولۇپ بىلگىنىڭ چۈشەر قۇم-غاشقا.
ئادەملىك ئۇلۇغنى بوغۇن چاغدا سال،
دانىشمەن دېيىلمەس قاراپلا ياشقا.

11

شۇنداقمۇ تەبىر بار: ياشلىق — بەڭباشلىق،
يوللىرى دۆڭ - چوڭقۇر، قىڭغىر - قىيپاشلىق.
نىشاندىن ئازمىغان يۈگەنلەپ ئاتنى،
يەتكۈسى مەنزىلگە بەرسە بەرداشلىق.

12

كەمتەر يۈر، ۋە لېكىن بولمىغىن ياۋاش،
مۆمىنگە كۈشەندە ھىيلىگەر، قاقۋاش.
بوزەكتۇر ئارتۇقچە كىچىك پېئىللار،
كۆتۈرۈپ تاشلاشقا تەييار قول، يانپاش.

13

بىرلا ئىت ھاۋشىسا كۆرۈپ ناۋادا،
كۆرمەستىن باشقىسى قاۋار تالادا.
پىتىنخور تارقاتسا زەررىچە ئۆسەك،
غەيۋەتچى بەندىلەر قالار ۋابادا.

14

ئىنسابسىز غەلەت ئىز بېسىشتىن يانماس،
نەپ ئۈچۈن ئاشكارا سېسىشتىن يانماس.
نان سۇنغان قولۇڭنى چىشلىگەندەك ئىت،
سۈت بەرگەن ئەمچەكنى كېسىشتىن يانماس.

15

ئېتىزدا گۈلسامساق ئۈنۈپ قالسا گەر،
شۇمبۇيا ئورنىدا يۇلار دېھقان ئەر.
ئېچىلسا ئاشۇ گۈل گۈلخانا ئىچرە،
ئەتىۋار، قىممىتى خۇددى ئالتۇن ـ زەر.

16

مەرىپەت، پەن ـ ئىلىم ياراتتى ئەجداد،
چىن ھېكمەت، جەۋھەرلەر تاراتتى ئەجداد.
پاراسەت ئىلكىدە ئەيلەپ ئىختىرا،
ئەۋلادنى تۈز يولغا قاراتتى ئەجداد.

17

ئەجدادىم شان قۇچۇپ مەدەنىيەتتە،
دۇنياغا تونۇلغان قابىلىيەتتە.
تەۋەررۈك ئەنئەنە، خىسلەتلەر چەندان،
بىزگە بۇرچ كۆرسىتىش ئەمەلىيەتتە.

18

ئەجدادىم ياشىغان ئۇلۇغۋار، غالىس[①]،
ھاياتتا مەرد، قەيسەر، سەمىمىي، خالىس.
ئەڭگۈشتەر چىن ئەخلاق، ئالىيجانابلىق،
قۇت تاپار، شان قۇچار بولسا كىم ۋارىس.

19

سۆلەتلىك كىينىمەك ئەجدادتىن ئۇدۇم،
ياراشقاي ئۇز دوپپا، بۇرۇلكا ـ كاستۇم.
جۇلالاپ سۆلكەتلىك يۇرمىسە كىملەر،
ئەجدادىم خىسلىتى، روھىدىن مەھرۇم.

20

ئەجدادىم تارىخى بۈيۈك ھەم پارلاق،
ئەۋلادى ئۇيغۇرغا ـــ ھەممىگە ئورتاق.
يازىمىز كېيىنكى بابلارنى قانداق؟
كۈتىدۇ جان ۋەتەن بۇ ئانا تۇپراق.

21

تەمەننا ئەيلىمە قىلغان ئىشىڭغا،
ھېزى بول ئالدىراپ قويغان خىشىڭغا.
ماختىنىپ ئەتكەن لاي پىشمايدۇ بىلسەڭ،
تىزغىنىڭ ئاخىردا چۇشەر بېشىڭغا.

22

تەقدىرىڭ بەلگىلەپ قويۇلماس ئالدىن،
تاللىشىڭ تۆپەيلى پۈتۈلەر يارقىن.
دېمەككى، كۆرۈملۈك باغلىق ئۆزۈڭگە،
ئاچىلى ھاياتتا ئويلان بەك ۋەزمىن.

23

قېرىتار ھاياتنى كۈنسېرى ۋاقىت،
ياشىرىپ مېڭىشقا مېھنەتتۇر شاھىت.
ئۆلمەي، ياش تۇرۇشنى ئويلىغان ئادەم،
كەشپىيات، ئىجادنى قىلمىغاي ساقىت.

24

تومۇردا قانلىرى قىزىپ تۇرغۇچى،
توغرا يول، ئىشلاردىن ئىزىپ تۇرغۇچى.
توسۇن ـ شاش مىجەزگە يۈگەن سال، ئەقىل،
قۇتلىنار روھىنى قېزىپ تۇرغۇچى.

25

ھېكمەت: تەر تۆكمىسەڭ قۇرۇيدۇ باغمۇ،
جىم يېتىپ يەۋەرسەڭ تۈگەيدۇ تاغمۇ.
زور، كاتتا بايلىقتۇر تەنىنىڭ ساقلىقى،
قەدىرلە، تۇرمايدۇ ئالتۇندەك چاغمۇ.

26

كۆپ كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆزى ئېچىلار،
ئويلانسا ھەم ئەقىل، سۆزى ئېچىلار.
ئىشلىگەن شەرەپلىك، ھۇرۇنلۇق نومۇس،
ئىجتىھات ئەھلىنىڭ يۈزى ئېچىلار.

(ئاپتور: «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

① غالىس ـــ خوتەن شېۋىسىدىكى سۆز بولۇپ، «ئاجايىپ»…. دېگەن مەنىدە.

# ئۈچ سوئال

● لېۋ تولستوي (رۇسىيە)

بۇرۇن بىر پادىشاھ بولغانىكەن، بىر كۈنى ئۇ تۇرۇپلا: «بىر ئىشنى باشلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى قاچان؟ كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كىمدىن يىراق تۇرۇش كېرەك؟ زادى قايسى ئىش ئەڭ مۇھىم؟» دېگەن ئۈچ سوئالغا جاۋاب تاپالىسىلا ھەر قانداق ئىشتا مەغلۇپ بولمايدىكەنمەن، دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

مانا مۇشۇنداق ئەخمىقانە خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتكە يارلىق چۈشۈرۈپ، كىم مۇشۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تاپالىسا، ئۇنى كاتتا مۇكاپات بىلەن تارتۇقلايدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

دانىشمەنلەر پادىشاھنىڭ بۇ سوئاللىرىغا بەس - بەستە جاۋاب بېرىشكە باشلاپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ جاۋابى ئاساسەن بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن.

بىرىنچى سوئالغا بەزىلەر: «بىر ئىشنى باشلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتىنى بايقاشتا ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى مۇۋاپىق بىر پىلان تۈزۈۋېلىش ۋە مۇشۇ پىلان بويىچە ئىش تۇتۇش لازىم، شۇندىلا ئىشلارنى مۇۋاپىق پەيتتە باشلىغىلى بولىدۇ» دېسە؛ يەنە بەزىلەر: «مەلۇم بىر ئىشنى باشلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي، شۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلسا ۋە قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشنى قىلسىلا بولىدۇ» دەپتۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا: «پادىشاھ قىلىۋاتقان ئىشقا قانچىلىك ئەستايىدىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ ئىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىنىڭ قاچان ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالىشى تەس. شۇڭا پادىشاھ ئەتراپىغا تەدبىرلىك ئۆلىمالارنى توپلىشى لازىم» دېيىشىدىكەن.

يەنە بەزىلەر بۇلارنىڭ پىكرىگە قارشى ھالدا: «ھەممە ئىشتا ئۆلىمالارغا تايىنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ مۇۋاپىق پەيتنى بىلىش ئۈچۈن يەنىلا نېمە ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىشى كېرەك. بۇنداق ئىقتىدار پەقەت سېھىرگەرلەردىلا بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئەڭ مۇۋاپىق پەيتنى بىلىش ئۈچۈن سېھىرگەرلەردىن مەسلىھەت سوراش لازىم» دېيىشىپتۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى سوئالغا بەرگەن جاۋابىمۇ ھەرخىل بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەر: «پادىشاھ موھتاج بولغانلار دەل ئەتراپىدىكى ئۆلىمالاردۇر» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: «پوپلار، تېۋىپلار دەل پادىشاھ موھتاج بولغان كىشىلەردۇر» دەپتۇ، يەنە بىر تۈركۈملەر: «پادىشاھ سەركەردىلەرگە ئەڭ موھتاج» دېيىشىپتۇ.

ئۈچىنچى سوئالغا، يەنى قايسى نەرسە ئەڭ مۇھىم؟ دېگەن سوئالغا بەزى كىشىلەر «ئىلىم - پەن ھەممىدىن مۇھىم» دېسە؛ يەنە بەزىلەر: «ئۇرۇش تاكتىكىسى ھەممىدىن مۇھىم» دېيىشىپتۇ، يەنە بىر قىسىملار: «دىنىي ئېتىقاد ئەڭ مۇھىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن پادىشاھ ھېچكىمگە ئىنئام بەرمەپتۇ، شۇنىڭدەك بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەشتىنمۇ يالتايماپتۇ. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، پاراسەتلىك بىر دەرۋىشنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشنى لايىق كۆرۈپتۇ.

بۇ دەرۋىش ئورمانلىقتا تۇرىدىغان بولۇپ، ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - ئەمىرلەر بىلەن ئەسلا كۆرۈشمەيدىكەن. پەقەت ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەنلا مۇلاقەتتە بولىدىكەن. پادىشاھ دەرۋىشنىڭ بۇ ئادىتىنى بىلگەچكە پۇقراچە كىيىنىپتۇ ۋە دەرۋىشنىڭ كەپىسىگە يېقىنلاشقاندا ئاتتىن چۈشۈپ، قوغدىغۇچىلىرىنى يىراقتا قالدۇرۇپ كەپىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

پادىشاھ كەپىگە يېقىنلاشقاندا، دەرۋىش ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يەرنى كولاۋاتقانىكەن. ئۇ پادىشاھنى كۆرۈپ سالام قىلىپتۇ ۋە ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. دەرۋىشنىڭ تېنى ئاجىز، ماغدۇرسىز بولۇپ، ھەر قېتىم گۈرجەك بىلەن توپا ئۇسۇغاندا ھەرىكىتى ئاستا، ئۇسۇغان توپىسى ئاز ئىكەن. شۇنىڭدەك ئازراق ھەرىكەت قىلسىلا ھاسىراپ كېتىدىكەن.

— يېنىڭىزغا سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپاي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ پادىشاھ دەرۋىشنىڭ يېنىغا كېلىپ.

دەرۋىش پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب قايتۇرماپتۇ، خۇددى ھېچنەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك ئالقىنىغا بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ - دە، يەنە ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇپتۇ.

— ھاردىڭىز، گۈرجەكنى ماڭا بېرىڭ، سىزگە ئازراق ياردەملىشەي، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇ بىردەم ئىشلىگەندىن كېيىن ئىشنى قويۇپ، سوئاللىرىنى يەنە قايتا سوراشقا باشلاپتۇ. دەرۋىش ئۇنىڭغا يەنىلا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىنى رۇسلاپ:

— بولدى، بىردەم ئارام ئالسىلا، مەن قىلاي، — دەپتۇ.

لېكىن پادىشاھ گۈرجەكنى دەرۋىشكە بەرمەستىن داۋاملىق كولاۋېرىپتۇ. شۇ تەرىقىدە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، كۈن-

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇ ئۆلتۈرۈشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ گۆرجەكنى يەرگە گۈسسىدە قاداپ:

— يېنىڭىزغا سوئاللىرىمغا جاۋاب ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسىڭىز مەن قايتاي، — دەپتۇ نارازىلىق بىلەن.

— بىرەيلەن بۇ ياققا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ دەرۋىش.

— بۇ كېلىۋاتقىنى كىمدۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھمۇ.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ ساقاللىق بىر كىشىنىڭ ئورمانلىقتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ كىشى قولى بىلەن قورسىقىنى چىڭ بېسىۋالغان بولۇپ، بارماقلىرى ئارىسىدىن قان سىرغىپ تۇرىدىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. پادىشاھ بىلەن دەرۋىش بۇ كىشىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى يوغان بىر يارا ئېغىزىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ يارىنى پاكىز تازىلاپ، يېنىدىكى قول ياغلىق ۋە دەرۋىشنىڭ لۆڭگىسى بىلەن تېڭىپ قويۇپتۇ. لېكىن، قان توختىماپتۇ. پادىشاھ قانغا مىلەنگەن تېڭىقنى ئېلىۋېتىپ يەنە قايتىدىن تېڭىپ قويۇپتۇ. قان ئاخىرى توختاپتۇ، يارىدار ئىچىملىك تەلەپ قىلىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. شۇ ئەسنادا كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ، ھاۋامۇ سوۋۇپ كەتكەنىكەن. پادىشاھ يارىدارغا سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ دەرۋىشنىڭ يارىدىمىدە ئۇنى كەپىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. يارىدارنىڭ كۆزلىرى يۇمۇق بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلىكىنى بىلگىلى بولمايدىكەن. پادىشاھ بىر كۈنلۈك سەپەر ۋە جىسمانىي ئەمگەك تۈپەيلىدىن چارچاپ كەتكەچكە كەپىنىڭ بوسۇغىسىدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ئويغانغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە بۇ جايدا يېتىپ قالغانلىقى ۋە كارىۋاتتا ياتقان يارىدارنىڭ كىملىكى ھەققىدە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ئالىيلىرى، ئەپۇ قىلسىلا، — دەپتۇ ساقاللىق كىشى پادىشاھنىڭ ئويغىنىپ، ئۆزىگە تەئەججۈپ بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— مەن سىزنى تونۇمايمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا مەندىن ئەپۇ سورايسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— سىلى مېنى تونۇمىغان بىلەن، مەن سىلىنى تونۇيمەن. مەن سىلىدىن قىساس ئالىمەن، دەپ قەسەم قىلغان دۈشمەنلىرى. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا سىلى ئاكامنى ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىنى تارتىۋالغان. مەن سىلىنىڭ ئۇزۇن يول يۈرۈپ بۇ دەرۋىشنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، قايتىشلىرىدا سىلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدىم. لېكىن، ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپمۇ سىلى قايتمىدىلا. شۇنىڭ بىلەن مەن يوشۇرۇنغان يېرىمدىن چىقىپ سىلىنى ئىزدىمەكچى بولغاندا، نۆۋكەرلىرى مېنى تونۇپ قېلىپ يارىلاندۇردى. ئۇلاردىن يارىدار پېتى قېچىپ بۇ يەردە يىقىلدىم. ئەمما ئويلىمىغاندا سىلى مېنى قۇتقۇزۇۋالدىلا، ئۆزلىرى بولمىغان بولسىلا بۇ كەمگىچە ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم. مەن سىلىنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولغان، لېكىن سىلى ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرى بولۇشقا رازىمەن، — دەپتۇ يارىدار كىشى.

پادىشاھ دۈشمىنى بىلەن تېزلا يارىشىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قاپتۇ. يەنە تېخى ئۇنىڭغا مەخسۇس خىزمەتچى، تېۋىپلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ھەم ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ.

پادىشاھ يارىدارنىڭ يېنىدىن چىقىپ، دەرۋىشنى ئىزدەپ بۇ يەردىن كېتىشتىن بۇرۇن ئۆز سوئاللىرىغا جاۋاب تاپماقچى بولۇپتۇ. دەرۋىش يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تۈنۈگۈن كولىغان جايغا ئۇرۇق سېلىۋاتقانىكەن.

— سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئاخىرقى قېتىم ئىلتىماس قىلىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ دەرۋىشكە يېقىن كېلىپ.

— ئۆز سوئاللىرىغا ئۆزلىرى ئاللىقاچان جاۋاب تېپىپ بولدىلا، — دەپتۇ دەرۋىش پادىشاھقا قاراپ.

— جاۋاب تېپىپ بولدۇم!؟ قانداق دەيسىز، چۈشەنمىدىمغۇ؟

— ھېس قىلىپ يېتەلمىدىلىما؟ ناۋادا تۈنۈگۈنكى ئاجىز ھالىتىمگە ئىچ ئاغرىتمىغان بولسىلا، بۇ يەرنى ماڭا كولىشىپ بەرمەي، قايتىپ كەتكەن بولاتتىڭىز. ھەمدە قايتىشلىرىدا بۇ كىشىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، مېنىڭ قېشىمدا قالمىغانلىرىغا پۇشايمان قىلغان بولاتتىلا، — دەپتۇ دەرۋىش ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — شۇڭا ئەڭ مۇھىم پەيت دەل سىلىنىڭ يەر كولاۋاتقان ۋاقتىلىرى. سىلى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم كىشى مەن ۋە ئەڭ مۇھىم ئىش بولسا ماڭا ياردەم قىلىش. يارىدار كىشى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم پەيت بولسا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان چاغ، ناۋادا ئۇنداق قىلمىغان بولسىلا، ئۇ سىلى بىلەن دوست بولماق تۈگۈل ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان بولاتتى. شۇڭا ئۇ دەل ئەڭ مۇھىم كىشى ۋە ئۇنىڭغا قىلغان ياردەم سىلىگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمىسىلاكى، ئەڭ مۇھىم پەيت دەل ھازىرنىڭ ئۆزىدۇر، چۈنكى مۇشۇ ۋاقىت بىز بىردىنبىر ئىشلىتەلەيدىغان ۋاقىتتۇر. ئەڭ مۇھىم كىشى دەل سىلىنىڭ يانلىرىدىكى كىشىلەردۇر، چۈنكى سىلى كېيىنكى ھاياتلىرىدا يەنە كىملەر بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيلا. ئەڭ مۇھىم ئىش باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشتۇر، چۈنكى بۇ دەل بىزنىڭ بۇ دۇنياغا يارىتىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

پادىشاھ شۇندىلا ئۆز سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپقانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ خۇشال ھالدا بۇ يەردىن ئايرىلىپتۇ.

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2012 - يىللىق سىنىپتىن ئادىلە ئىبراھىم، ئېلىيار ئەنۋەر تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

# يۇمۇرلار

## ئەدەپسىزلىك بولىدۇ

ھېچكىمنى تىللاپ، ئەيىبلەپ باقمىغان بىرى پىروفېسسوردىن سورىشىپتۇ:

— سىز قايسى ھايۋاننى بەكرەك ياخشى كۆرىسىز؟

— ئېيتالمايمەن، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

## خوتۇن

بىر يىغىلىشتا «خوتۇن دېگەن نېمە؟» دېگەن تېمىدا بەس - مۇنازىرە قوزغىلىپتۇ. بىر كىشى:

— خوتۇن دېگەن ھەرە دېمەكتۇر، — دەپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭ پىكرىگە ئېتىراز بىلدۈرگەنىكەن، ھېلىقى كىشى ئېيتماقچى بولغىنىنى چوڭقۇرراق چۈشەندۈرۈپتۇ:

— «خوتۇن دېگەن ھەرە» دېگىنىمنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەرە ھەم ئىگىسىنى چېقىپ ئاغرىتىدۇ، ھەم مول - مول ھەسەل بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟

## مۇزىكا مۇئەللىمى

مۇزىكا مۇئەللىمى بالىغا تەنبىھ بەردى:

— مەن سېنىڭچىلىك چېغىمدا مۇزىكا دېگەننى سۇ قىلىپ ئىچكەنىدىم!

بالا شۇ ھامان مۇنداق دېدى:

— دېمەك، مۇئەللىمگىز مېنىڭكىدىن تۈزۈكرەك ئىكەندە؟!

## ئىلھام

شېئىر يېزىشقا قىزىقىدىغان بىر ئايال مەھمۇدجاندىن سورىدى:

— مەھمۇدجان، شېئىرنى ئاياللار ياخشى يازامدۇ ياكى ئەرلەرمۇ؟

— ئەرلەر.

— ۋىيەي، قانداقسىگە ئەمدى؟ ئاياللار شۇنچىلىك نازاكەتلىك، مۇلايىم، گۈزەل يارىتىلغان تۇرسا، ياخشى شېئىرنى شۇنچە قوپال يارىتىلغان ئەرلەر يازامدىكەن؟

— خانىم، بۇ يەردىكى گەپ ئىلھام مەسىلىسىدۇر. بىز ئەرلەر ئاشۇ نازاكەتلىك، گۈزەل ئاياللاردىن ئىلھاملىنىپ شېئىر يازىمىز. ئاياللار بولسا بىزدەك قوپال ئەرلەردىن قانداق ئىلھام ئالالايدۇ؟

## تاشپاقا

شاگىرت:

— ئۇستاز، تاشپاقا سۇدا كۆپ ئۇزۇۋەرگەنلىكتىن پۇتلىرىدا سۇ ئۈزگۈچلەر پەيدا بولغان، دېگەن نەزەرىيەگە قانداق قارايسىز؟

ئۇستاز:

— ئاشۇ نەزەرىيەگە قارىغاندا، بۈركۈت تاشپاقىنىڭ ئۈستىنى چوقۇۋېرىپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك.

## پەيدا بولۇش

— غوجام، ئادەمنى مايمۇندىن پەيدا بولغان دېيىشىدۇ. بۇ راستمۇ؟

— ئۇنداقتا، ئالما پەمىدۇردىن پەيدا بولغان ئىكەن-دە؟

## سىزگە تاپشۇرىمەن

تېببىي پەن ئىمتىھانىدا ئوقۇغۇچىنى سوئالغا تۇتۇۋېرىپ قىيىنىغان ئوقۇتقۇچى ئاخىر:

— بىر ئاغرىقنى تەرلىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئوقۇغۇچى:

— ئەپكېلىپ، سىزگە ئىمتىھان بېرىشكە تاپشۇرىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ھەق ئۆلتۈرسە...

سوقراتنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان خوتۇنى:

— سېنى ناھەق ئۆلتۈرۈشۈۋاتىدۇ!... — دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— ئۇنۇڭنى ئۆچۈر! — دەپتۇ سوقرات، — سەن تېخى ئۇلارنىڭ مېنى ھەق ئۆلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانىمدىڭ؟

(تەييارلىغۇچى: قۇتلۇق)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com



# قۇربانجان روزى شەيدائى ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن



ئەمەس ھېچ نەرسە تاتلىقراق، ئۆزۈڭ ئىشلەپ يېگەن ناندىن.



قەلبىڭ بىلەن سۆزلىسەڭ دۇنيا ئاڭلايدۇ.



كىمكى جاپا چەكمىدى، راھەتكىمۇ يەتمىدى.



گۈللا بولسا گۈل ئەمەس گۈلدەك پۇراقى بولمىسا،
گەپلا بولسا گەپ ئەمەس مەزمۇن تۇراقى بولمىسا.



ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىدىن ئۇلۇغ.

مۇھەررىر: ئەنەسجان مۇھەممەت ئۇبلخەت: 1808294437@qq.com



تويلۇق ®
TOYLUK
ھەر بىر كۈنىڭىز تويدەك ئۆتسۇن،
ھەر كىيگىنىڭىز تويلۇق بولسۇن.
ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھەر
تەڭرىتاغ رايونى ئىتتىپاق يولى 391 ـ نومۇر
تېلېفون: 8531007 ـ 0991 فاكس: 2870329 ـ 0991
پوچتا نومۇرى: 830049
www.toyluk.com